



1987

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
## قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «نەۋرۇز چاچقۇسى» دىن كۆرۈنۈشلەر



تۆمۈر داۋامەت، توختى سابىر، ماھىنۇر قاسىم قاتارلىق
رەھبەرلەر «نورۇز چاچقۇسى» پائالىيىتىدە،



شەھىرىمىزنىڭ يۇنۇس ھېكىم، ئوبۇلخەيرى، ئابلىزسەمەي، بازاربېك، جوماتاي
قاتارلىق رەھبەرلىرى «نورۇز چاچقۇسى» سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرمەكتە.

**تەڭرىتاغ تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

ھەبىبۇللا رېقىپ، ئەخمەت ئابدۇللا، مۇھەممەت پولات، ھەسەن ئىلىمۇۋالدى،
ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇھەممەت روزى يارقىن، ئابلىكىم باقى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتكوم گۇرۇپپىسى ماقۇللىغان
1987- يىل 7- ئاينىڭ 10- كۈنى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

3

1987

# تەڭرىتاغ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدى

## نەسرى ئەسەرلەر


يېڭى دەۋر پروزىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىر نەزەر (ئوبزور) ...... مۇھەممەت پولات 1
تاغ ئارىسىدا (ئاخبارات ئەدەبىياتى) جاڭ جىگنۇڭ ...... ھەبىبۇللا رېقىپ تەرجىمىسى 16
خىسلەتلىك تاش بالا (چۆچەك پوۋېست) ...... مۇھەممەت روزى يارقىن 59
مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن (ماقالە) ...... ئېزىز نىيازى 79
يار جانان (نەسر) ...... ئەكبەر ئىبراھىم 85


## نورۇز چاچقۇسى


باھار (نورۇزنامە) ...... تۆمۈر داۋامەت 82
نورۇزغا كەلگەن مېھمان (نورۇزنامە) ...... تېيىپجان ئېلىيوپ 83
باھار ھەققىدە غەزەل (نورۇزنامە) ...... ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 84


## شېئىرلار


شېئىرلار ...... خەلىم سالىخ 87
ناخشا تېكىستلىرى ...... ساتتار توختى 89
شېئىرلار ...... ياسىن ئىمىن 90
شېئىرلار ...... روزى نىياز 93
ئىككى شېئىر ...... ھاكىم مۇسا 95
ئىككى شېئىر ...... زۇنۇن رەھىم 97


## XX X X X


مەسەللەر ...... تۇراپ دائىم 99


## چەتئەل ئەدەبىياتى


تەلەيلىك رەسسام (ھېكايە) ...... سامېرسېت مۇئوم [ئەنگلىيە] سەنەۋەر تەرجىمىسى 101



مۇقاۋىنى: نىياز كېرىم لايىھىلىگەن
سۈرەتلەرنى: ھېسامىدىن ھاجى، ئىلھام جىلان لار تارتقان
نەقىش نۇسخىلىرىنى: سېيىتنىياز ئولمايىت سىزغان
مەسئۇل كوررېكتور: قەييۇم ئامان

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر

新疆地方志编纂委员会

# يېڭى دەۋر پروزىمىزنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا بىر نەزەر

مۇھەممەت پولات

بىزنىڭ يېڭى زامان پروزىمىز ھازىرغىچە يېرىم ئەسىرگە يېقىن تەرەققىيات تارىخىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە گۈللىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ بۈگۈنكى سەۋىيىگە يېتىشىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاقى تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قادىر بولغان ئوبرازلىق سەنئەتكە ئايلاندى. بۇنىڭدا پروزىمىزنىڭ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغاندىن كېيىنكى يېڭى تەرەققىياتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

پروزىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگىچە بولغان 37 يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا ياراتقان ئومۇمىي بەدىئىي مەھسۇلاتى يەنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي-بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولغان ھەقىقىي ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلىرى پەقەت يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «ئىككى بارمىقىم بىلەن»، «كۆچۈككە ھۇجۇم»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «رودۇپاي»، «ئالتۇننىڭ تەسىرىدە»، «چېنىقىش»، «گۇمان» ناملىق ھېكايىلىرى، يازغۇچى ئابلىمىت مەسئۇدىنىڭ «ئۇ ئۆز يولىنى تاپتى»، «ئازات يېزىنىڭ قىزى» ناملىق ھېكايىلىرى، پروزائىك تۇرغۇن ئالماسنىڭ «قىزىل بايراق» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىقنىڭ «خالتا كوچىدىن يانغاندا» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى تۇردى سامساقنىڭ «تىيانشان باغرىدا» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى ئەھەت تۇردىنىڭ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ناملىق ھېكايىسى قاتارلىق ساناقلىق ئەسەردىنلا ئىبارەت بولدى. ۋاھالەنكى بىزنىڭ پروزىمىزدا، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلىنغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە مۇنداق ئەسەرلەردىن يۈزلەپ بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ زور بىر قىسمىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقى جانلىق ۋە يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن، كىتابخانغا يېتەرلىك بەدىئىي زوق بېغىشلايدىغان ھەقىقىي ئىجادىي ھېكايىلار، بىر قىسمىنى دەۋرىمىز ھاياتىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى تىپىك ۋە جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن روشەن ئېچىپ بېرىلگەن پوۋېست ۋە رومانلار تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ بىر پاكىتنىڭ

ئۆزىلا بىزنىڭ پروزىمىزنىڭ يېڭى تەرەق-
قىيات دەۋرىدىكى يۈكسىلىشىنىڭ قانچىلىك
تېز، قانچىلىك كەڭ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ
ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە قانچىلىك زور رول
ئوينىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىزنىڭ پروزىمىز-
نىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىدىكى راۋاجلى-
نىش ئەھۋالىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە
قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى-
نى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتىرىپ، ئۇنى ئۆز
دەۋرىنىڭ ھەقىقىي ساداسىغا ئايلاندۇرۇش
بىزنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىمىز-
نىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ.

× × ×

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار-مار قىلى-
نىشى بىلەن ئېلىمىز خەلقى يېپ-يېڭى
بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى.
بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئىدىيىسىنى
ئازاد قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھە-
سىدىكى ھەر خىل ئىدىئالىزملىق تۇقتى-
ئىنەزەرلەرنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى
تەرەققىيات دەۋرىنىڭ جەڭگىۋار ئەدەبى-
ياتىنى يارىتىشنىڭ سەلتەنەتلىك كۈرە-
شىگە ئاتلاندى. ئۇلار خەلق ھاياتىغا
چوڭقۇر چۆكۈپ، زامانىسى كىشىلىرىنىڭ
مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھىسىياتىنى ھەقىقىي
ئۆزلەشتۈرۈپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا،
دەۋر تۇرمۇشى ئوبرازلىق يورىتىپ بېرىل-
گەن بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى
ئىجات قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي

ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەنگەن يېڭى ۋەزى-
يىتىنى ياراتتى. بۇ ھال بىزنىڭ پروزى-
مىزدا ئالدى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ «4
كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى
تۇرمۇش ۋە كۈرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ
چېكىدىن ئاشقان سول لۇشيەنىنىڭ
بېسىم ۋە ۋەھىمىسى ئاستىدىكى ئىدىيىۋى
كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خورلۇق
بىلەن تولغان ئەلەملىك يىللارنىڭ مەز-
مۇن ۋە ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى
مەقسەت قىلىدىغان «جاراھەت ئەدە-
بىياتى» تۈسىدە ئايان بولدى. بىزنىڭ
يازغۇچىلىرىمىز ھەممىنى بۇزۇش، ھەممىنى
يوقىتىش، ئىنسانى ئارزۇلار بىلەن كىشىلىك
قەدىر-قىممىتىنى يىمىرىپ تۈگىتىشنى مەز-
مۇن قىلغان سىياسىي ئەسەبىلىك دەۋرىنىڭ
ئىجادىي-بەدىئىي مەنزىرىسىنى سىزىپ،
يېڭى دەۋر تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىيات ئىس-
تىقبالىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. يازغۇ-
چى زوردۇن سابىرنىڭ سادە، ئاق كۆ-
ڭۈل دېھقان قوباق بىلەن ئىشچان ۋە
جاپاكەش يېزا ئايالى تۇردىخاننىڭ ئازاپ-
لىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى تەسۋىر-
لەنگەن «ۋاپادارلار» پوۋېستى بىلەن
بېسىم ۋە خورلۇق ئاستىدا مىجىلىپ،
ھايات ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بەختسىز
دېھقان ئوبرازى يارىتىلغان «قەرزدار»
ناملىق ھىكايىسى، «4 كىشىلىك گۇرۇھ»
نىڭ ئەكسىيەتچى تەشەببۇسلىرىنىڭ تە-
سىرىدە مەنىۋى تەرەپتىن بۇزۇلۇپ كار-
دىن چىققان بىر ياشنىڭ ئازاپلىق ئىچكى

كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «دۆلان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى، پۈتۈن ئۆمرى كىشىلەرنىڭ ئەدىۋىنى بىرىش بىلەن ئۆتكەن كونا، تەجرىبىلىك سوئىقەستچىنىڭ ساترىك قىياپىتىنى سىزىپ بېرىلگەن «قوبۇلخانىدا» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى سەمەت دوگايلىنىڭ رەزىل ۋە مۇناپىق ئادەملەرنىڭ زورلىقى ۋە دەپسەندە قىلىنىشى بىلەن ھايات ئىستىقبالىدىن ئايرىلغان ساددا بىر قىزنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازى يارىتىلغان «تۇمانلىق قىرغاق» پوۋېستى بىلەن ھەر قانداق ۋاقىتتا غايە ۋە ئەقىدىسىنى يوقاتمايدىغان ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە خاس تۇرمۇش يولى تەسۋىرلەنگەن «قەلب ئاسمىنىدا نۇر» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى قاھار جىلىلىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىد روھى بىلەن ياشايدىغان، مەنىۋى تەرەپتىن باي ۋە ئالاھىدە بولغان ياش زىيالىنىڭ بەدىئىي خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلگەن «ئاچالدا» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ چوقان-سۈرەنلىك يىللاردا ھاياتقا كۆز ئاچقان بىر توپ ياشلارنىڭ ئوخشىمىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «ساۋاقداشلار» پوۋېستى بىلەن كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان ئېغىر مۇڭ ۋە ھەسرەتلىك لىرىكا بىلەن جانلاندۇرۇلغان «يىراقتىن خەت»، «ئىككى پارچە خەت» ناملىق ھېكايىلىرى، يازغۇچى قادىر ئارسلاننىڭ ئەينى يىللاردىكى دېھقان تۇرمۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىلگەن «تىترىگەن ئاۋاز» ناملىق ھېكايىسى، يازغۇچى ئابدىراخمان ئەبەينىڭ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ، ئەڭ ياخشى ئىنسانىي ئارزۇلار بىلەن شەخسنىڭ مۇھەببەت ۋە بەخت تۇيغۇلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلىدىغان ژىرگىنىشلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىلگەن «دەرت-ئەلەم» ناملىق ھېكايىسى، ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ كىشىلەرنى مەنىۋى تەرەپتىن بۇزۇپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق فورمىلىرىنى دەپسەندە قىلغان جىنايەتلىك دەۋرنىڭ بەدىئىي ئېپىنامىسى بولغان «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» ناملىق پوۋېستى، شۇنداقلا ئەھەت تۇردى، مالىك كىۋىر، ئابدىراخمان قاھار، جالالىدىن بەھرام، ئالىمجان ئىسمائىل، مۇھەممەت روزى يارقىن قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى پروزىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئەنە شۇ باسقۇچىغا تەۋە بولغان، كىتابخانلار ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ماھىيەتلىك، تىپىك كۆرۈنۈشلىرى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىچە ھالەتلىرىنىڭ جانلىق بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدىكى روھى قىياپىتى، ئاپەتلىك يىللارنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان ئېغىر مەنىۋى جارا-

ھەتلىرى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىلدى.

خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلىشى ئۈستىگە يۆتكىلىشى ۋە ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئىسلاھات دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن پروزىمىزنىڭ تېماتىك مەركىزى ئۆزگىرىپ، مەزمۇن دائىرىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭەيدى. ئۇ تېمىدا خىلمۇ - خىللىشىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەسىگە دېگىدەك كىرىپ باردى. دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي رېئاللىقى، ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىش يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرىشى، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلىشى جەريانىدىكى ھەر خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى پروزىمىزدا نۇقتىلىق ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىنسانىي بۇرچ تېمىسىنىڭ پروزىمىزدىكى سالمىقى روشەن ھالدا كۆتىرىلىپ، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ بەدىئىي ئوبرازى بارغانچە كۆپەيدى. پروزىمىزنىڭ شەكىل ۋە تۈر تەرەققىياتىدا زور بۇرۇلۇش بارلىققا كېلىپ؛ ئۇزۇندىن بويان بەدىئىي ئۈندۈرمىلىك ھالەتتە تۇرۇپ كېلىۋاتقان پوۋېست ۋە رومانچىلىق ئىجادىيىتى رەسمىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، پروزىمىز تۇرمۇشنى يورىتىشنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ يۈزلەندى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى بەدىئىي - پەلسەپىۋى نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدىغان يېڭىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇال نازۇكلۇقتا ئېچىپ بېرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان ئىنچىكە پسىخولوگىيىگە تەسۋىر بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز ئىچىدە ئومۇملاشتى. ئەسەرلىرىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاددىيلىق ھالىتى كىتابخانىغا تۇرمۇشنىڭ باي ۋە مۇرەككەپلىكىنى ئەمەلىي ھېس قىلدۇرىدىغان خاراكتېرلار مۇرەككەپلىكى بىلەن بەدىئىي مۇرەككەپلىككە، پېرسوناژلار مۇناسىۋىتى، بەدىئىي قۇرۇلما ۋە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى تۇرغۇنلۇق ۋە بىرخىللىق ھالىتى رەڭدارلىق ۋە ئەگرى - توقايلىققا ئۆزگەردى. پېرسوناژ تۇرمۇشىنىڭ تاشقى ھالەتلىرى، ئۇنىڭ پائالىيىتىنىڭ ۋەقەلىك تۈسىگە ئىگە بولغان ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى ئورنىنى ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇال تۇرمۇشىنىڭ ئىچكى، مەيىن ھالەتلىرى، مەنىۋى - ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ ئىنچىكە، نازۇك كۆرۈنۈشلىرى ئىگىلىدى. پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەر تۈگۈنىشى بىلەن تاشقى ئىلمىشىشلار ئورنىنى مەنىۋى توقۇنۇشلار بىلەن خاراكتېرلار ئىركىشىشى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئابستراكت سىياسىي مۇھاكىمىلىرى تۇرمۇشنىڭ بەرەر ھېكمىتىگە، باياننى تۈس ئالغان ئەسلىمە ۋە چېكىنىشلىرى لىرىك مونولوگ ۋە ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرىگە

ئۆزگەردى. ئوبرازلار خاراكتېرىدىكى بىر خىللىق، ھەسسىيات ئىپادىسىدىكى ئوخشاشلىق، پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى بىردەكلىك ئەھۋاللىرى ئازىيىپ، خاراكتېرلاردىكى رەڭدارلىق ۋە خىلمۇ-خىللىق دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشتى. قىسقىسى بىزنىڭ پروزىمىز ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلى كۆرۈنۈشى بويىچە - مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ھالىتى بويىچە يورىتىپ بېرىشنىڭ ئۇنۇملۇك يولىغا كىرىپ، ھاياتى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تىپىك پرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات دەۋرى پروزىمىزنىڭ چەكسىز ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلدى.

يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ تىماتىك مەزمۇنىنىڭ يېڭىلىقى، بەدىئىي تەسۋىرى ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «سۇبھى» پوۋېستىدا قەلبى ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەت بىلەن تولغان ئىرادىلىك پەن خادىمىنىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ ئۆز پرسوناژىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىق ۋە غايىۋى يۈكسەكلىكىنى قانچىلىك مۇھەببەت ۋە قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن بولسا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىمۇ شۇنچىلىك چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. ئۇ ئۆز پرسوناژىنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىدۇاللىقىدىكى غەلىتى، ئۆزگىچە ھالەتلەر بىلەن شەخسى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىدىكى پاجىئە ۋە كېلىشمەسلىكلەرنى ئەگىپ ئۆتمەي، ئۇنى پرسوناژ تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۆز پرسوناژىنىڭ ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇرەككەپ ھالەتلەردىكى، ئازاپلىق ۋە زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىكى روھى ئىپادىسىنى، ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچى بىلەن ھايات ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. نەتىجىدە ئۇنىڭ پرسوناژى ھاياتى تىرىك ئادەمگە - ھەرقانداق ۋاقىتتىمۇ غايە ۋە ئەقىدىسىدىن قايتمايدىغان، تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق دەھشەت ۋە پاجىئەلىرىنىمۇ بوي سۇندۇرۇشقا قادىر بولغان ھەقىقىي ئىرادىلىك ئادەمگە ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر پوۋېستى «ۋاپادارلار» دا تۇرمۇشقا پۈتۈنلەي باشقا نۇقتىدىن ياندىشىپ، ئادەتتە ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان، مەنىسىز تۇرمۇش ۋە ھاياتى قەدىرسىزلىك تۈپەيلىدىن ھەرقانداق نەرسىگە ئادەتلەنگەن قوپال، ئامىلىق سادا ۋە ئېغىر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئېچىپ بەردى.

زوردۇن سابىر كېيىنكى چاغلاردا ئىجادىي زېھنىنى كۆپرەك ھېكايىچىلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەركىزىنى يېزا تۇرمۇشىغا يۆتكىدى. ئۇ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى بىلەن يېڭىچە ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەر مۇھىتىغا دۇچ كەلگەن ئەركىن ۋە ئازاد

دېھقانىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئىچىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، يارىتىلغان پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىق ۋە ھاياتىلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «خوشنىلار» ۋە «ئېھ، تۇپىلىق يول» ناملىق ھېكايىلىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر.

زوردۇن سابىر يەنە بىر ھېكايىسى «ئېھ، تۇپىلىق يول» دا بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەمنى بىرخىل ھايات يولىدا ئۇچراشتۇرىدۇ. ئاپتور روزەك بەز بىلەن گۈلئايشەمنىڭ مۇرەككەپ ۋە قىزىقارلىق تۇرمۇش مۇناسىۋىتىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئارقىلىق «مۇھەببەت ئىنسان ھاياتىنىڭ مەركىزى، ئۇ ھەممىگە گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىق بېغىشلايدىغان، دۇنيانىمۇ ۋە ئادەملەرنىمۇ ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك بىر كۈچ» دېگەن بەدىئىي-پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ كىتابخاننىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ.

يازغۇچى سەمەت دوگايلى يېقىنقى يىللار ئىچىدە «كىچىك لەقۋا»، «تۇمانلىق قىرغاق»، «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە» ناملىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ كىتابخانلار ئىچىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە پوۋېست ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، تېپىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشى، ئىخچام بەدىئىي قۇرۇلما، يىغىنچاق پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئەسىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى مۇئەييەن ھەجىم ۋە مەزمۇن مۇقىملىقى ھالىتىدە ئېچىپ بەردى. ئۇ ھەر بىر ئەسىرىدە ھاياتىمىزنىڭ يېڭى، ماھىيەتلىك بىر تەرىپىگە مۇراجىئەت قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىنى يورىتىپ بېرەلەيدىغان ئالاھىدە زىددىيەتلەر توقۇنۇشى مۇھىتىنى يارىتىپ، كىتابخان تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بىر ئىجتىمائىي بەدىئىي-پىكىرنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «كىچىك لەقۋا» پوۋېستىدا ھاياتى خورلۇق ۋە ئىجتىمائىي قەدىرسىزلىك تۈپەيلىدىن روھى ۋە جىسمانى تەرەپتىن بۇزۇلۇپ، ئىنسانى تۇيغۇسىنى يوقاتقان ۋەيرانە بىر دېھقاننىڭ ئازاد ۋە ئەركىن مەھنەت مۇھىتىدا ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي بۇرچىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ئاڭلىق بىر ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى يورىتىپ بەردى. «تۇمانلىق قىرغاق» پوۋېستىدا بولسا پۈتۈن بارلىقىنى ئانا سەنئەتكە بېغىشلىغان، قەلبى مۇھەببەت ۋە بەخت ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ-تاشقان پاك ۋە ئۈمىدۋار بىر قىزنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئەگرى توقاي تۇرمۇش يولىنى، ئۇنىڭ ئازاپلىق ئىچكى كەچۈرمىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاپەتلىك

يىللار ھاياتىنىڭ شەخسىنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي يۈكسىلىشىنى بوغۇدىغان، ئۇنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ ئالىجاناپ ھاياتى تۇيغۇلىرىنى ئاياق-ئاستى قىلىپ، ئۇنى ئىنسانى پەزىلەتلەردىن مەھرۇم قىلىدىغان ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە» ناملىق پوۋېستىدا تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخى تولۇق ئېچىلمىغان ئەھمىيەتلىك ساھەسىگە مۇراجىئەت قىلىپ چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا باي بولغان رەسسام بىلەن ساختا سەنئەت روھىدا تەربىيىلەنگەن يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئىدىيىۋى توقۇنۇشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى سەنئەت ۋە گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور بۇ ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە ئادەملەر قەلبى سەنئەت ۋە گۈزەللىك بىلەن تولۇپ-تاشقان، ئۇنى پەقەت ھاياتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، پاك ۋە ئالىجاناپ ئادەملەرلا سېزەلەيدۇ، دېگەن بەدىئىي پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىتابخان ئەقلىنى يېڭى بىر ھاياتى ھېكمەت بىلەن بېيىتىدۇ.

يازغۇچى مەتتىمىن ھۇشۇر ئۆزىنىڭ يېقىنقى يىللار ئىچىدە ئېلان قىلىنغان «يېڭى ۋە كونا ئىشلار» ھېكايىسى بىلەن «ساۋاقداشلار» پوۋېستى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدە يېڭى ۋە مۇرەككەپ بەدىئىي ئىزلىنىشلەر زېمىنىگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۈزۈك ۋە ۋەزمىن ھېسسىيات، ساددا ۋە جىلۋىدار بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن جانلاندۇرۇلغان «يېڭى ۋە كونا ئىشلار» ھېكايىسىدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىنى قەدىرلەش بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ۋە ئەپۇچان بىر ئادەمنىڭ كىتابخاننى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇ «ساۋاقداشلار» پوۋېستىدا ئەينى يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپ ۋە جەمئىيەت ھاياتىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىكى ئاپەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھى دۇنياسىدا بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەردى. ئۇ پوۋېست ۋەقەلىكىنى باش قەھرىمان ئەلىمىنىڭ ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىنى قىيناپ ۋە تاقەتسىزلەندۈرۈپ كەلگەن سىرلىق بىر تۇرمۇش پاكىتىنى ئېنىقلاش يولىدىكى ئىزلىنىشىدىن باشلاپ راۋاجلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلام ۋە تەبىقىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىگە كىرىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابخانىنى ئۆزىگە خاس ھايات سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولغان، خاراكتېرىدىكى خاسلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن بىر-بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدىغان خىلمۇ-خىل جانلىق پېرسوناژلار

بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان يېڭى بەدىئىي ئالەم ئاچىدۇ. پوۋېست تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلىقى، تەسۋىرى ۋاسىتىلىرىنىڭ يېڭى ۋە جانلىقلىقى، چىنلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسىغا بايلىقى بىلەن كىتابخانىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

يازغۇچى مەھەممەت باغراش يېڭى دەۋر پروزىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ قوشۇلۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مول ئىجادىي مىۋە بەردى. ئۇ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇسلۇپ ۋە ماھارەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە تىنىمسىز ئىزلىنىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چىن ۋە ھەققانىي يورىتىپ بېرىلگەن بىرمۇنچە ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىپ ھاياتتىكى ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ كىچىك، لېكىن ئەھمىيەتلىك كۆرۈنىشلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش، ھەممە نەرسىنى ئىجادىي سەنئەت ۋە بەدىئىي ئوبراز تۈسىدە بايان قىلىش، پېرسوناژلارنى ھېسسىيات چىنلىقى بىلەن خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقى ئارقىلىق جانلاندۇرۇپ ئوبرازنىڭ خاسلىقى ۋە تىپىكلىكىگە ئېرىشىش ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى.

بىزدە رومان ئىجادىيىتى ھەققىي مەنىسى بىلەن پەقەت «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا باشلاندى. يازغۇچى قەييۇم تۇردى ئۆزىنىڭ «قىزىل تاغ ئېتىكىدە» ناملىق ئەسىرى بىلەن سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ رومان ئىجادىيىتى قەدىمىنى باشلاپ بېرىپ، پروزىمىزنىڭ ژانىر تەرەققىياتىغا ئەمەلىي ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق ئۈچ توملۇق رومانىنى يېزىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى تۇرمۇش ۋە كۈرىشىنى كەڭ بەدىئىي پىلاندا تەسۋىرلەپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ژىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي كۈچىنى سىناپ كۆردى.

يازغۇچى زوردۇن سابىر رومان ئىجادىيىتىگە ئۆزىگە خاس يول بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇرمۇشقا يېڭى ۋە ئالاھىدە نۇقتىدىن يانداشىپ، ھايات ۋەقەلىكلىرىنىڭ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك كۆرۈنىشلىرىنى تاللاپ تىپىكلەشتۈرۈپ، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى جانلىق ۋە كونكرېت ئېچىپ بېرەلەيدىغان ئىجادىي، بەدىئىي مۇھىت يارىتىپ، ئەسەرلىرىنى يېتەرلىك خاسلىق ۋە ئورگانىكلىققا ئىگە قىلدى. كىتابخان ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئاپتورنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ھاياتى تەسىرات ۋە بەدىئىي ـ ئېستېتىك قاراشلار زىمىنىدا

مۇقەررەر بارلىقىغا كېلىدىغان يېڭى، ئۆزگىچە بەدىئىي ئوبرازلارنى كۆرەلىدى. ئۇ چىنلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئوخشاش نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى يېڭى، ئىجابىي نەرسىلەر بىلەن كونا، قالاق نەرسىلەرنى، ھەر خىل زىددىيەت ۋە قارمۇ - قارشىلىقلارنى چىن ۋە ھەققانى ئەكس ئەتتۇرۇپ، رېئاللىقنى ئۆز قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەپ، ئەسەرلىرىنى زىددىيەتلەر توقۇنۇشى بىلەن خاراكتېرلار تىركىشىشىنىڭ كەڭ بەدىئىي زېمىنىگە ئايلاندۇردى. ئۇ ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن پېرسوناژلار مۇناسىۋىتىنى لايىھىلەشتە، خاراكتېرلارنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ئابستىراكىت ئۇقۇم بىلەن تەييار سىياسىي چۈشەنچىلەر كەينىدىن ئەگەشمەي، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى ھالىتى بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلدى. ئۇ ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ تۇرمۇش بىرلىكىگە، ئۇنىڭ تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرىگە ئارىلاشماي ئۇلارنىڭ ئۆزى خالىغانچە ياشىشى ۋە پىكىر قىلىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقەررەر مېڭىشى لازىم بولغان ھايات يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ تۇرمۇشنى تاللاش، تىپىكلەشتۇرۇش، سىيۇژىت ۋە قۇرۇلمىنى ئويۇشتۇرۇش، شارائىتنى لايىھىلەش، بەدىئىي ئىقىمىنى جانلاندۇرۇش، زىددىيەتلەرنىڭ زىچلىق ۋە ئۆتكۈرلىكىگە ئېرىشىش، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئىندىۋىداللىقىنى گەۋدىلەندۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى - ھىسسى پائالىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشقا ئوخشاش تەرەپلەردە ئۆزلۈكسىز ئىزلىنىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ پروزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ماھارەت ۋە ئەنئەنىۋى بەدىئىي تەسۋىر دائىرىسىدە بۇرۇندىن بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى ۋە ئىجادىي نەرسىلەرنى ئەدەبىياتىمىزغا ئېلىپ كىردى. زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ ئىككىنچى زېرىك ئەسىرى «ئىزلىنىش» دە ئالاھىدە روشەن ئەكس ئەتتى. ئۇ بۇ روماندا يېڭى دەۋردە تۇرمۇشقا كۆز ئاچقان بىر توپ ياشلارنىڭ ھايات ۋە غايە يولىدىكى جاپالىق ئىزلىنىشىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسان ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلىشىدىكى غەيرەت - شىجائىتىنى، ئۇلارنىڭ دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە بەخت تۇيغۇلىرىدا مۇجەسسەملەنگەن ئالىجاناپ ئىنسانى پەزىلەتلىرىنى بىر گۇرۇپپا تىپىك پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلىرى، زىددىيەت ۋە قارمۇ - قارشىلىقلىرى ئىچىدە كونكرېت گەۋدىلەندۇرۇپ، كونا، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان بىر ئەۋلات يېڭى كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. ئۇ بۇنىڭدا باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئىلمىي ئىزلىنىش يولىدىكى مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ھايات غايىسى بىلەن شەخسى تۇرمۇش

يولى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان زىددىيەتلىنىڭ ھالەتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز پېرسوناژىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر خىل شىددەتلىك قايناملىرى ۋە ئەگىر توقايلىقلىرى بىلەن مۇرەككەپ ۋە دولقۇنلۇق كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە تاشلاپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر ۋە قىيىن ھالەتلىرىدىكى ئىدىيىۋى ئىپادىسىنى، مەنىۋى دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن تەۋرىنىش ۋە ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز قەھرىمانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ۋە روھىنى ئوبرازلىق ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ، ئۇنى ھاياتى تىرىك ئادەمگە يەنى تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئىنسانىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزىدە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىندىۋىدۇال ئادەمگە ئايلاندۇردى.

شائىر ۋە يازغۇچى ئۆتكۈر ئۆزىنىڭ «ئىز» رومانىنى قومۇل دېھقانلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تىز پۈكمەس رەھبىرى تۆمۈر خەلىپىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىشقا بېغىشلىدى. ئۇ رومانىدا قەھرىمان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن سىياسىي-سىنىپىي شارائىتنى توغرى تەسۋىرلەپ، دېھقانلارنىڭ قوزغىلىشى بىلەن تۆمۈر خەلىپىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا پەيدا بولىشىنى رىئاللىقنىڭ تەقەززاسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ روھى ۋە ۋەكىلىگە ئايلاندۇرۇپ، قەھرىمان ئوبرازىغا تېخىمۇ زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەت بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ كۆرىشتىكى باتۇرلۇقىنى، ئاممىنى تەشكىللەشتىكى ماھىرلىقىنى، مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى داداللىق ۋە پاراسەتلىكلىكىنى كەڭ ۋە ئەتراپلىق تەسۋىرلەپ ئۇنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇروھى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا قىلغان تەسىر ۋە ئىنكاسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ رىئاللىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوينىغان تارىخىي رولىنى يورىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن دېھقانچە خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە چەكلىمىلىكىنىمۇ چىن ۋە ھەققانىي تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭ ھايات پاجىئەسى بىلەن قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى خاراكتېرىدا زىددىيەت ۋە ئىككى ياقلىملىق بولغان ھەقىقىي دېھقان ئىنقىلابچىنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ «قاينام ئۇركىشى» رومانىدا ئىنقىلابىي شائىر لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ 40- يىللاردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى، ھەرقايسى سىنىپ ۋە تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت ۋە كۆرەشلەرنىڭ جانلىق بە-
دىئىي كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىشنى
مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ رومانىدا لۇتپۇللا
مۇتەللىپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى، ئۇنىڭ
رىئاللىقنى تونۇش ۋە جەمئىيەتتىكى ئىج-
تىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ روھىنى ئۆز-
لەشتۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ يۈكسىلىشىنى
مۇۋاپىق ئىجتىمائىي زېمىن بىلەن تە-
مىنلەپ، ئۇنى مۇرەككەپ ۋە كەسكىن
زىددىيەتلەر توقۇنۇشى موھىتىدا ھەرىكەت
قىلدۇرۇپ، شائىرنىڭ ئىنقىلاب يالقۇن-
لىرى ئىچىدە شەكىللىنىپ راۋاجلانغان
ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى
بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ بېرىدۇ.

يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت «ئۆچمەس ئىزلار» رومانىدا قۇمۇل خەلقىنىڭ پېئودال ۋاڭلىق تۈزۈمىگە قارشى كۆرەش تىمىسىغا بىرىنچى بولۇپ مۇراجەت قىلىپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە بېسىمى ئاستىدا مىجىلغان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت تۈزۈمگە بولغان غەزەپ ۋە قارشىلىقىنى كەڭ بەدىئىي پەلاندا تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدا ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۆرەشلىرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. رومان تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلىقى، تەپسىلاتلىرىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىتابخانىنى قىزىقتۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلار بىزنىڭ يېڭى دەۋر پروزىمىزنىڭ يېقىنقى تەرەققىيات ئەھۋالى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سەۋىيەدىكى ئومۇمىي يۈزلۈك يۈكسىلىشىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان نەتىجىلەردۇر. بىراق نەتىجە ھامان ئۆتمۈشكە، تارىخقا تەۋە نەرسە بولۇپ ئۇ ھېچقاچان پروزىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. پروزىمىزنىڭ گۈللەنگەن يېڭى دەۋرنى يارىتىش ئۈچۈن بىزنىڭ داۋاملىق ئىلگىرلىشىمىزگە، يارىتىشقا ۋە كەشىپ قىلىشىمىزغا ئىجادىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، يېڭى روھ ۋە يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دەۋر تۇرمۇشى چىنلىق بىلەن يورىتىپ بېرەلىگەن تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، پروزىمىزنى خەلق روھىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتلىك ئىنكاسىغا ئايلاندۇرۇشىمىزغا توغرى كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇن كەڭلىكى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېما خىلمۇ - خىللىقىدىن كېلىدۇ. بىر ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان باغلىنىشى قانچىلىك باي ۋە كۆپ تەرەپلىمە بولسا، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى قانچىلىك كەڭ بولسا، ئۇنىڭ ھاياتنى ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇۋاتقان ھەر خىل يېڭىلىقلارغا بولغان دىققەت

ئېتىۋارى قانچىلىك كىچىك بولسا، مۇنداق ئەدەبىياتنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا بېرىدىغان مەنىۋى مەھسۇلاتى شۇنچىلىك باي ۋە خىلمۇ-خىل بولىدۇ. مۇنداق ئەدەبىيات ئۆز كىتابخانلىرىغا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقىنى، كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ-خىللىقىنى چوڭقۇر تونۇتۇپ، ئۇلارنى ھاياتنىڭ يېڭى گۈزەللىكلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلاردا يېڭىچە غايە ۋە ئىنتىلىش پەيدا قىلىدۇ. بىزنىڭ يېڭى دەۋر پروزىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جىددىي كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ تېما مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرىمىز ئاللىقاچان تارىخ بولۇپ قالغان بىر نەچچە ئەنئەنىۋى تېما ئەتراپىدا، ھاياتىمىزنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغان ئورتاق ئومۇمىي كۆرۈنۈشلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. ئۇلاردا يېڭى تەرەققىيات دەۋرى تۇرمۇشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرى، ئۇنىڭ كىتابخانلار تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى تېپىلمايدۇ. يېڭى ئىقتىسادىي تەشكىللىنىش تۈزۈلمىسى بىلەن يېڭىچە ئەخلاقىي يۈزلىنىشلەر تەسىرىدە جەمئىيەتتە پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مۇناسىۋەتلەر بىر مۇنچە ئاپتورلىرىمىزنىڭ دىققەت نەزىرىدىن سىر-

رىتتا قىلىنىۋاتىدۇ. تۇرمۇشىمىزنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مىللىي روھ، مىللىي ئەقلىمىزنىڭ ئۆسۈشىدە زور رول ئوينىغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بىلەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر پروزىمىزغا تېخى تولۇق كىرگىنى يوق. قىسقىسى بىزنىڭ پروزىمىز مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال كۆرۈنۈشلىرىنى، ئۇنىڭ خەلق روھىدا ئەكس ئېتىدىغان مەزمۇن، ماھىيىتىنى روشەن ۋە جانلىق يورىتىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بىردىن-بىر بولىقى، ئۇنىڭغا چەكسىز ھاياتى كۈچ بېغىشلايدىغان تۈگىمەس-پۈتمەس مەنبەئە، شۇڭا ئىجادىيەتتە تۇرمۇش ئاساس قىلىنىشى، ھەر قانداق پىكىر ۋە ئىدىيە رېئاللىقتىن، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كونكرېت ھالىتىدىن كېلىشى، ئۇنىڭدىكى ھەر قانداق ۋەقە ۋە ئوبراز تۇرمۇشنىڭ دەل ئۆزىدىن تۇغۇلۇشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن رېئاللىقنىڭ ئەينىكى، تۇرمۇش دەرسلىكى بولالايدىغان ھەقىقىي ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتقىلى بولىدۇ. ۋاھالەنكى بىزنىڭ بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز بۇ مەسىلىنى تېخىچە تولۇق ھەل قىلىپ كېتەلمىدى. ئۇلار ئىجادىيەتتە دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەمەس بەلكى ئېبۇقۇم

ۋە چۈشەنچىنى ئاساس قىلىپ، ھېچقان-
داق تۇرمۇش ئاساسى بولمىغان، ئادەم-
نىڭ خاسلىق ۋە مۇرەككەپلىكىنى يوققا
چىقىرىدىغان، قېلىپلاشقان پېرسوناژلارنى
ياساپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىجابىي قەھ-
رىمانلىرى باشتىن - ئاخىر توغرا، زىددى-
يەتلىك روھىي ھالەتلەردىن خالى، ھەر
قانداق ۋاقىتتا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكتىن
باشقىنى بىلمەيدىغان ئىلاھ. سۈپەت كى-
شىلەر بولسا، سەلبىي قەھرىمانلىرى ھەر
قانداق ۋاقىتتا رەزىللىك ۋە خۇنۇكلىكى
بىلەن كۆزگە تاشلىنىدىغان، ھەرقانداق ئىن-
سانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم، ئازراقمۇ ئار-
تۇقچىلىق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمى-
غان، ياشاش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش
روھىي يوق ئەخمەق ۋە بىچارە ئادەم-
لەردىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار تۇرمۇشنى
ئۆز مۇرەككەپلىكى بويىچە، كىشىلەر مۇنا-
سىۋىتىنى زىددىيەت ۋە قارمۇ - قارشىلىقلىرى
بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ خى-
يال ۋە تەسەۋۋۇرىدىكى ئاددىيلىق ۋە
بىر خىللىق ھالىتى بويىچە ئەكس ئەت-
تۇردى. قىسقىسى ئۇلار تۇرمۇش رېئاللى-
قى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىن ئىدىيە
ۋە پىكىر ئالماي، ئۆزلىرىدىكى تەييار
ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ سىياسىي قې-
لىپى بويىچە تۇرمۇش ۋە ئادەملەرنى يا-
ساپ چىقتى.①

بەدىئىي ئەدەبىيات تىل سەنئىتى، تې-
خىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بەدىئىي
تىل ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازى يارى-
تىش سەنئىتىدۇر. پېرسوناژ ئوبرازى دې-
گىنىمىز تاشقى ھەرىكەت بىلەن ئىچ-
كى پائالىيەت ئىتتىپاقىغا ئىگە بولغان
ھاياتى تىرىك ئادەمنىڭ يەنى تاشقى
ئوبيېكتىپلىق بىلەن ئىچكى سۇبيېكتىپلىق-
نىڭ تەبىئىي بىرلىكى زېمىنىدە ئۆز ما-
ھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىندىۋىدۇئال ئا-
دەمنىڭ بەدىئىي سۈرىتىدۇر. ئۇنىڭ ھا-
يات ئېنېرگىيەسى بىلەن پائالىيەت مەن-
بەئىي ئۇنىڭ تاشقى ھەرىكەتلىرى ئە-
مەس بەلكى ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ھەرىكىتى-
پىكرى ۋە ھېسسىياتىدۇر. شۇڭا پروزا
ئەسەرلىرىدە ئالدى بىلەن پېرسوناژنىڭ
ھېسسىياتى ئۇنىڭ تۇيغۇ ۋە
كەچۈرمىشى يېزىلىشى لازىم. پەقەت شۇ
چاغدىلا ئۇنىڭ تاشقى ھەرىكىتى مۇئەي-
يەن ئىچكى مەناغا ئىگە بولۇپ، ئىن-
ساننىڭ سۇبيېكتىپلىقىدا ئەكس ئېتىدى-
غان ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق
گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىزنىڭ
بىرمۇنچە ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇ مەسى-
لىگە بولغان دىققەت - ئېتىبارى يېتەرلىك
بولمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ
ۋەقەلىك تۈسىگە ئىگە بولغان تاشقى
ھەرىكەتلىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ،
ئۇلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا، ئۇلارنىڭ
تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ھالەتلىرىدىكى
تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرى بىلەن پىسخو-
لوگىيىسىنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك ئىپادى-
لىرىگە تولۇق دىققەت قىلمايۋاتىدۇ. نە-

تىجىدە ئۇلارنىڭ پېرسوناژلىرى جىنسى بار روھى يوق، ھەرىكىتى بار ئۆزى يوق بوش ۋە جانسىز ئادەملەردىن بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.②

ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈستىدە گەپ بولغان چاغدا ئالدى بىلەن يېڭىلىق ۋە ئىجادىلىق مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭسىز ئەدەبىياتنىڭ ھاياتىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبىياتتا پەقەت يېڭى نەرسىلا، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىستىقباللىق نەرسىلا كىتابخانغا ھەقىقىي گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاپ، ئۇنىڭدا يېڭىچە ھاياتى غايە پەيدا قىلالايدۇ. پەقەت يارىتىلغان ۋە كەشىپ قىلىنغان، ئاپتورنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە پورما بىلەن تۇغۇلۇپ، يېڭىچە بەدىئىي قىياپەت بىلەن ئالەمگە كۆز ئاچقان ئىجادىي نەرسىلا ھايات ۋە ئادەملەر مۇناسىۋىتىنىڭ بىرەر يېڭى تەرىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخانغا ھاياتنىڭ باي ۋە خىلمۇ-خىللىقىنى ئەمەلىي تونۇتالايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي-ئىجتىمائىي قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىزدە يېقىنقى يىللار ئىچىدە بىر قىسىم پوۋېست ۋە رومانلار ئېلان قىلىندى. بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز ئۇلارنى كۆرۈشى بىلەنلا بۇ نەرسىلەرنىڭ قانداقتۇ بىر ئەسەرگە تەقلىت قىلىنغانلىقىنى، قانداقتۇ بىر ئەسەردىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى سېزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ۋاھالەنكى بىزنىڭ مۇشۇنداق ناتوغرى ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا ئادەتلەنگەن بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز مۇنداق ھەققانىي پىكىرلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە بېسىپ ئۆزلىرىنىڭ تېرىپ قۇراشتۇرۇلغان يارامسىز نەرسىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ، پىروزىمىزنىڭ يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق ئەنئەنىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى. بۇ ئاپتورلار كىتابخانلارنى ساددا ۋە ساۋاتسىز ھېسابلاپ، ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقى ۋە بىچارىلىقىنى ئاشكارىلىدى.③

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىزنىڭ پىروزا ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنىڭ بەدىئىي ماھارىتى بوش ۋە ئاجىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىشى لازىم. بىزنىڭ بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىزنىڭ بەدىئىي پىكىرى تار، تەپەككۇر كۈچى ئاجىز، رېئاللىقنى جانلاندۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئادەتتىكى تۇرمۇشنىڭ بايانى كەچۈرمىسى بىلەن، ئوبراز ۋە سەنئەتتىن خالىي بولغان بوش ۋە ھاراكەتسىز تەسۋىرلەر، مەنىسىز تالاش-تارتىش ۋە ئورۇنسىز پەندى-نەسىھەتلەر بىلەن تولغان. ئۇلار شۇنچىلىك ئۇزۇن، شۇنچىلىك زېرىكەرلىك يېزىلغانكى پېرسوناژنىڭ ئادەتتىكى بىر ھەرىكىتىمۇ بىرنەچچە سەھىپىگە سوزۇلىدۇ؛ زىددىيەتلەرنىڭ

①②③ بۇ جايلاردىكى تەپسىلاتلار ئاپتورنىڭ رازىلىقى بىلەن قىسقارتىلدى

بوش ۋە جانسىزلىقى، ۋاقىئەلەرنىڭ چې-
چىلاڭغۇ ۋە مەنتىقسىزلىقى، پېرسوناژلار
مۇناسىۋىتىنىڭ ئاددىي ۋە بىر خىللىقى،
مەزمۇنىنىڭ تەكرارلىقى بىلەن تەسۋىر
ۋە بايانلارنىڭ ئەزمە ۋە سۆرەلمىلىكى
كىتابخاننى تويغۇزۇۋېتىدۇ.

بىزدە هازىرغىچە ئوندىن ئوشۇق رو-
مان ئېلان قىلىندى. بىراق پىروزىمىزدا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان يۇقىرىقى بىر
قاتار مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئەسەر-
لەرنىڭ بىرەرسىمۇ ئىدىيە ۋە بەدىئىلىك
تەرەپلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق
يارىتىپ مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ پۈتۈن-
لەي يېڭى ۋە ئىجادىي بولغان ئۆزگىچە
بەدىئىي مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرەلمىدى.
تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق خەلقى-
مىزنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنى-
شىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئۆز دەۋ-
رىنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئې-
چىپ بېرىدىغان، ئالاھىدە بەدىئىي - سېھ-
رى كۈچكە ئىگە بولغان تىپىك پېرسو-
ناژلار ئوبرازىنى،مۇكەممەل بەدىئىي تىپ-
لارنى يارىتالمىدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ يې-
ڭى دەۋر پىروزىمىز ئۆزىنىڭ ئون يىل-
لىق تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى زور
نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقلا
ئۇنىڭدا يەنە ھەممىمىزنىڭ چوڭقۇر ئوي-
لىنىشىغا تېگىشلىك بولغان بىر مۇنچە
جىددىي مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى. ئەدەبىي
ئىجادىيەتنىڭ تۈپ مەسىلىلىرى بولغان
ئىجادىيەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ، سەنئەت
بىلەن سىياسىينىڭ، تېما بىلەن مەزمۇن-
نىڭ، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلاشنىڭ، قىز-
غىنلىق بىلەن ماھارەتنىڭ مۇناسىۋىتى
قاتارلىق بىر مۇنچە مەسىلىلەر پىروزى-
مىزدا تېخى ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولمى-
دى. شۇڭا ئۇ رېئال تۇرمۇشنىڭ يېڭى
ۋە ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە، ئىجادىي
سەنئەتنىڭ كەڭ ۋە ئۈنۈملۈك زېمىنىگە،
بەدىئىي ماھارەت ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنى-
شىنىڭ يېڭى، ئۈمىدلىك پەللىسىگە ھە-
قىقىي ھالدا يۈزلىنەلمىدى. نەتىجىدە بىز-
نىڭ يېڭى دەۋر پىروزىمىز ئىدىيە ۋە
بەدىئىي سەۋىيەدە تا هازىرغىچە بۆسۈش
خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى.
ھاياتنى كۆزىتىش ۋە ئۇنى ئەكس ئەت-
تۇرۇشتە يېڭى ۋە ئۆزگىچە قىياپەت بى-
لەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىجادىي سەنئەت-
نىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى ھەقىقىي ھالدا
جارى قىلىپ، دەۋرىمىز تۇرمۇشىنىڭ رەڭ-
دار سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىنى، خەلقىمىزنىڭ
ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى ھاياتىي
كۈچىنى تولۇق ۋە يارقىن يورۇتۇپ بې-
رەلمىدى. بىز بۇ ئەھۋاللارنى تىرىشىپ
ئۆزگەرتىپ، ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئى-
جادىيەت ئەمەلىيىتىدە جىددىي بۇرۇلۇش
ياسىشىمىز، ئەدەبىي تەنقىت ۋە ئەدەبىيات
نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىقىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 100 - بەتتە)




ئاخبارات ئەدەبىياتى

ئەنئەنە غايەت زور توسالغۇدۇر، ئۇ، تارىخنىڭ ئاشىناسىدۇر.

ئېنگېلىس

ۋۇنۈي تېغى توۋىدىن «جوي ليۇزا» چىقتى.

[1]

بۇ يەر تاغلار دۇنياسى

سەپسالاڭ، چوققىلار چوققىلارغا، قىيالىقلارغا تۇتاشقان. ئىدىرلار، چوققىلار بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، دولقۇنلۇق ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ.

ئاپتوموبىل، بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن، كىشىنى چۆچۈتىدىغان يول بەلگىلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇيان، — بۇيان ئايلىنىپ ئىككى ناھىيىنى بېسىپ ئۆتۈپ، چوققىلىرى ھەيۋەت، بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن لياۋدۇڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى كىچىك ناھىيە - خىڭرېن ناھىيىسىگە كىرىپ كەلدى.

مېنىڭ مەخسۇس زىيارەت قىلماقچى بولغان ئادىمىم مۇنداق بىر كىشى ئىدى: ئىككى يىلدىن بۇيان «بېنشى گېزىتى»، «خەلق گېزىتى» قاتارلىق 10 نەچچە گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسى ئۇنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان 30 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. «لياۋنىڭ گېزىتى» 3 يىل ئىچىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم بىرىنچى بەتنىڭ باش ئىستونىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدى.

دەل بۇ يەرگە كېلىپ زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بەزىلەر: «ماڭا شۇنى يازامسىز؟ خىڭرېن ناھىيىسىدە ئۇ ھارامزادىنىڭ زومىگەر، ئوچىغا چىققان لۈكچەك، يۈزى قېلىن، قولاق كەستى ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ...» — دېيىشتى.

چۆچىگىنىمدىن چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش ئۇشتۇمتۇت ئۇپۇق سىزىقىدا ئولتۇرۇپ كەتكەندەك ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم.

بىر خىل تەبىئىي نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىدا، نەچچە قېتىم قايتىپ كېتىش

نىيەتلىمىگەنمۇ كەلدىم. ئەمما ئەقىل - ئىدىرىكىمنىڭ جاھىللىق بىلەن دەۋەت قىلىشى مېنى ۋۇنۇي تاغ باغرىغا - مۇشۇ ئەسەرنىڭ قەھرىمانى تۇرۇشلۇق لياۋدوڭ تېغى توۋىگە ئېلىپ كەلدى.

تىراگېدىيىنىڭ مۇقەددىمىسى ھارپا كېچىسى ئېچىلدى:

1984 - يىلىنىڭ ھارپا كۈنى، ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلى-

[2]

دى، چىرايلىق ئىسمىغا ماس كەلمەيدىغان زور، ھەيۋەتلىك ۋۇنۇي ( 5 قىز ) تېغى بۈگۈن كېچە بەكمۇ چىرايلىق، كۆركەم تۈسكە كىرگەن بولۇپ، كۆمۈچتەك يېپىنچا يېپىنغان ھالدا ھاياجان ئىلكىدە ئۆزىگە ئىزچىل ھەمرا بولۇپ كەلگەن تاغ يېزىسىغا قارايتتى.

ھەممە ئائىلىلەر كۈندۈزدەك يورۇتۇلغان، پانۇسلار يۇلتۇزلاردەك چىمىرلايتتى، ئىشىك يېنىغا يېزىلغان بېيىتلەر، « بەخت » دەپ يېزىلغان خەتلەر، ئىشىك بېشىغا چاپلانغان « خۇشاللىقتا يولۇققايسىز » دېگەن خەتلەر، چىراغلارنىڭ نۇرىدا تېخىمۇ قىپقىزىل بولۇپ كۆرۈنەتتى، كىشىلەر ئوغۇل، قىزلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئا-دەملەر بىلەن تولغان يېزا كۇلۇبىغا كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. خىلىڭرىن بازى-رىنىڭ لىۋجياگۇ يېزىسىدىكى جوي لەنفاڭ، ھۆددىگە ئالغان ئاقسىلىق گۆش پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن كىرىم قىلغان پۇلى بىلەن ئىككىنچى ئىشلەپچى-قىرىش ئەترىتىنىڭ دۆلەتكە قەرزدار بولۇپ قالغان 20 مىڭ يۈەنىنى بىراقلا تۆلىۋەتكەنىدى. يېزىلىقلار بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يىغىنى ئۆت-كۈزمەكچى ئىدى.

بىر نەچچە مويسىپىت جوي لەنفاڭنىڭ قولىنى ھۆرمەت بىلەن تۇتۇپ:

شاۋلىيۇ ①، سەن ئۈستىمىزدىن يوغان بىر تاغنى ئېلىۋەتتىڭ، — دېيىشتى.

سۆزلىمەكچى بولغانلار ئەڭ كۆپ، كىيگەن كىيىملەر ئەڭ كۆركەم، سۆزلەن-گەن سۆزلەر ئەڭ سەممىي، يىغىن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك — شۇنداقلا ئەڭ مۇ-ۋەپپەقىيەتسىز ئېچىلدى — دېگەندەك « 6 تورلۇك ئەڭ » نى يەكۈنلەپ چىققان.

ئاخبارات مۇخبىرلىرى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە پاۋزىيەت ئامانەت قەر-ز كوپىراتىپىنىڭ رەھبەرلىرى كەلگىلى بىر سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ، بازار، ناھىيە رەھبەرلىرى تېخى كەلمىگەنىدى.

كۆپچىلىك بىر ئاز تاقەتسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئانچە كارى بولمىدى. ياخشى تائام - كېيىن پىششىمۇ كېرەك يوقدە. شۇنىڭدەك ھارپا كېچىسى بولغاچقا،

ئىزاھات: ( شاۋلىيۇ — 6 - ئوغۇل دېگەن مەنىدە).

يەنىلا كۆڭۈللۈكتە! يەنە بىر سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار كەلمىدى. يېزا كادىرلىرى بولسا، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشنى ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى- ئالدىنقى كۈنى تېخى بىر قېتىم ئالاقىلىشىپ، كېلىشىپ قويۇلغان تۇرسا، ئىش بىلەن كېلەلمىسە تېلېفون بىرىۋەتسە بولمامدۇ. يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تىت - تىت بولۇپ، شوپۇرىنى ئەھۋال ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئاپتوموبىل قايتىپ كەلدى.

«ئۇلار كەلمەيدىغان بولدى.» يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كادىرلىرى ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىپ، پىكاپقا چىقىپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى. يېزا كادىرلىرى ئالدىراپ - تېنەپ ئولىشىۋېلىپ: -- ئۇلار كەلمەي مەيدان سوۋۇپ كەتكەنىدى، سىلەرمۇ كەسەڭلەر ئەمدى تېخىمۇ، تېخىمۇ ..... ھەي، ھېيت - ئايەم بولغاندىكىن، خاسىيەت تىلەيلى، كۆپچۈلۈك چاغانى ئوبدان ئۆتكۈزىۋالسۇن ...... سىلەر كەلگەندىكىن چاغانى بىز بىلەن بىللە ئوينىپ كېتىڭلار ... قانداق ....، -- دېيىشتى.

بۇ باش قويۇپ يېلىنغانغا نەك ئىدى. بۇ ئىشلارغا قاراپ تۇرغان جوي-لەنفاڭنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى! ئۇ ھەممىنى بىلگەنىدى ......

[3]

تۆۋەندىكى ئىستاتىستىلار، خىلقىرىن ناھىيەلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ 1974 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى «126» نومۇرلۇق قېلىن كەلگەن ئارخىپ توپلىمىدىن كۆچۈرۈلگەن: «مەزكۇر (جوي لەنفاڭنى دېمەكچى - تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 1972 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خىلقىرىن ناھىيەلىك ياغاچ بۇيۇملار زاۋۇتىدا ياغاچ تىلىۋاتقان پەيتتە، چوشلۇك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، ياغاچ پىششىقلاپ ئىشلەش سېخىدا ئادەم يوق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشخانا ئىچىدىكى ئاسما سائەتنى ئوغۇرلاپ كەتكەن ......»، «مەزكۇر ئىككى يىلدىن بۇيان دائىم خىلقىرىن سۇ ئامبىرىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ، دۆلەت مۈلكىنى ئوغۇرلىغان. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى 1971 - يىلى 8 - ئايدا باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ سۇ ئامبىرىنىڭ توغان بېشىدا پارتلىتىش ئارقىلىق بېلىق تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ بېلىق بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. بېلىق تۇتقان ۋاقتىدا ئادەم يوق بولغاچقا، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش -- ئۆستۈرۈش زاۋۇتى (ئەسلى مەيدانى دېپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى) سۇ ئامبىرىغا سېلىپ قويغان بېلىق تۇتىدىغان تورنى ئوغرىلاپ كەتكەن ......»

«مەزكۇر 1971 يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەزالارنىڭ قالدۇرۇق يېرىدە

13 ياشلىق قىز × × × نى قوغۇن بېرىمەن دەپ ئالداپ، يوخۇرلۇق قىلىپ باسقۇن-چىلىق قىلمىشقا ئۇرۇنغان. كېيىن قىز يىغلاپ تۇرىۋالغاندا ئۇ، قورقۇپ قېچىپ كەتكەن، جوۋي لەنفاڭنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان. يەنە شۇ يىلى 10 - ئايدا بىراق، نۇرغۇن چايانلار ئىچىدە ئىڭ كۆزگە تاشلانمىدىغان، ئۇنىڭ « زىندان » ( تۈرمە) غا چۈشكەنلىكى ھەمدە « قىزىل خىش مەكتىپى » ( شۇ چاغ-لاردا ناھىيىلىك خىش زاۋۇتىدىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش بىنىسى ) گە 3 قېتىم كىرگەنلىكىنىڭ تولۇق پاكىتلىرىدىن بىرى — « مۇشلاشچى ئاتامان »، دې-گەن جىنايەت، نېمە ئۇچۇندۇر » ئارخىپقا يېزىلماي قاپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق مۇشلاشمىش تولۇقسىز بىرىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چې-غىدا بولغان. تاۋار ئاشلىق يەيدىغان ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى كۆز-گە ئىلمايتتى. بىر قېتىم، ليۇ جياگۇلۇق بىر ئوقۇغۇچى چۈشلۈك تاماقتا كۆممە قۇناق ئۇنىغا ياۋا كۆكتات ئارىلاشتۇرۇلغان پوم ناننى تۇزلىغان تۇرۇپ بىلەن يەۋاتاتتى. بىر نەچچە نەپەر كادىر بالىسى پوم ناننى تارتىۋېلىپ، توپ ئورنىدا تېپىپ ئويناپدۇ. ھېلىقى ئوقۇغۇچى يىغلاپ كىلىپ جوۋي لەنفاڭغا ھال ئېيتىدۇ.

مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇ ھېلىقى، « سەھرالىقلار » دېگەن سۆزنى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئوقۇغۇچىغا، « يۈرە، مەن ساڭا قۇچقاچ تۇتۇپ بېرىمەن » دەيدۇ، ئىككىسى پاراڭ - چاقچاق بىلەن تاغ ئۈستىگە چىقىدۇ، بىر چاغدا ئۇ توساتتىن چىرايىنى تۈرۈپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ تاناۋىنى تارتىپ ئۇنى « دېھقانلار مېنىڭ ئاتام! پۈتۈن دۇنيادىكى دېھقانلار مېنىڭ ئاتام! » دېيىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

ئۇ چاغدا، جوۋي لەنفاڭنىڭ قارىشىچە، پۈتۈن دۇنيادىكى « $\frac{2}{3}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدىكى كىشىلەر » نىڭ ھەممىسى دېھقان-لار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىگە ئوخشاشلا، ئۇلار كۆممە قۇناق پومى، ئۇماچ ۋە تۇزلىغان تۇرۇپ يەپمۇ قورسىقىنى تويغۇزالمايۋاتىدۇ، دەپ قارايتتى.

ئاكا - ئىنىلىرى ئىچىدە رەت بويىچە بالىلارنىڭ ئالتىنچىسى بولغان جوۋي-لەنفاڭنىڭ « جوۋي ليۇزا » دەپ داڭ چىقىرىشى — ئۇنىڭ يېزىغا قايتىپ دېھقان-چىلىق قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق مۇشلاشمىشىدىن كېيىن بولدى.

ئەترەتتە قۇرۇلغان قۇرۇلۇش ئەترىتى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ قوشۇمچە كىرىم قىلماقچى بولدى. بىر كۈنى چۈشلىكى، بۇلاردىن ئىككى كىشى كوچىدا بىر لوكچەك بىلەن تاكاللىشىپ قالىدۇ. ئۇلار ئەمدىلا ئىش مەيدانىغا قايتىپ

كىلىشىدىگە 20 ، 30 ئادەم قوغلىشىپ كىلىپ ئىش ئورنىنى قورشىۋېلىپ، «هوي سېسىق دېھقانلار، قېنى» كىلىشمەمسەن! ... دەپ تىللىغىلى تۇردى.

«ھەممەيلەن يۈرۈڭلار، چىقايلى!» قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ چالا ئۈستىنىسى بۇ چاغدا، قوماندانلىق قىلىدىغان ئاتاكىغا ئاتلانغان ئىدى. ئۇ، ئۆزى ھەتتا ئەسلىدە قانداق رەڭدىكى ئىكەنلىكىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان كۆينىكىنى تاشلىۋېتىپ، ئىشتان بېغى بىلەن ئىككى بارمىقى چىقىپ قالغان كونا كېپىچىنىڭ بوقچىنى چىڭىتقاچ: «بۈگۈن بازارلىق ئىتلارغا»، «سېسىق دېھقان» نىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويايلى!» دەيدۇ.

560 جىڭ خىشنى خومدان ئۈستىگە ئېلىپ چىققان پالۋان، 21 ياشلىق گىۋەندۈڭلۈق يىگىت، ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ، يوغان كەلگەن مۇشتىنى بىرۇخزا رەڭلىك كۆكرىكىگە گۈپ - گۈپ قىلىپ ئۇرۇپ تۇرۇپ، «كىلىشمەمسەن؟ قايسىڭ ئوتتۇرىغا چىقىسەن؟، ۋۇ... ئاناڭنى كۆرۈك بولغان مىكىيانىڭ تۇرۇشىمسەن-ۇ؟ » دەپ ئايىقى ئاستىدىن بىر دانە خىشنى ئېلىپلا پاقىقىدە بىرنى ئۇرىۋىدى، خىش ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. قارشى تەرەپ «ماۋۇ گادايىنىڭ گۈمپىسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟!» دېيىشىپ تەۋرىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جىدەل ۋاقتىنچە بېسىقىپ قالدى.

كوندۈزى بولىغان مۇشلاش، ئاخشىمى باشلىنىپ كەتتى. بىر نەچچەيلەن كىنو كۆرگىلى بېرىپ ھىلىقىلاردىن تاياق يەپ كەپتۇ. ئۇ بىرلا ۋارقىراپ كىشىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ، كىنوخانىنى قاتتىق - ۋات قورشىۋېلىپ، قارشى تەرەپنى ئۇرۇپ ۋايجىنىنى چىقىرىۋەتتى. موتو سېكىلاتلار گورۇلدەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلىغۇچى ساقچىلار جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. مىلتىق ئاۋازى كوزنىڭ مەيىن شامىلىدا شىلدىرلاپ تۇرغان ئاپىسىن يوپۇرماقلىرىنى چۇشۇرىۋەتتى.

پوتۈن شەھەردە پاراڭ. «ئالدىنقى يىللاردا ئەلەم كۆرىشى بولغانىدىمۇ مىلتىق ئېتىلمىغان. بۇ قېتىم ئوچ كاروپكا ئوق ئېتىپمۇ تىنسىۋالغىلى بولمىدى» دېيىشەتتى.

ئۇرغۇن لوكچەكلەر تۇتۇلدى. ئۇلار چۈشىدىمۇ «جوي ليۇزا كەلدى!» دەپ جۆيلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

مۇشۇ سەۋەپلىك، ئۇ ئىككىنچى قېتىم «قىزىل خىش مەكتىپى ①» گە كىرىپ قالدى.

---

ئىزاھات: «قىزىل خىش مەكتىپى» دېگەن سۆز ئۈيۈنى بار. ئەينى ۋاقىتلاردا «قىزىل مۇتەخەسىسلىشىش مەكتىپى» دېگەنلەرمۇ باردى: ئەمما ئۇ. خىش توشۇغانلىقتىن «قىزىل خىش مەكتىپى» دەۋالغان، خەنزۇچە ئاھاڭى ئىككىسىنىڭلا ئوخشاش خۇڭ جۇەن مەكتىپى دېيىلىدۇ.

2 - يىلى كۈزدە، ئۇ، ئەترەتنىڭ زىرائەت مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، كۆممە قوناق ئوغرىلىغان بىر كىشىنى تۇتىۋالغان. ئۇ ئادەم يىغلاپ يالۋۇرۇپ كەتكەچكە رەھمى كېلىپ قويۇۋەتكەن. ئەترەت باشلىقى بۇنداق قىلىشقا ئۇنىماي، جەرىمانە قويۇشتا چىڭ تۇرىۋالغان. ئۇ، جەرىمانە قويۇلغان پۇلنى ئالغىلى بارغاندا، ھېلىقى ئادەم ئىقرار قىلماي، تېنىۋېلىپ، پەيچۇسىنىڭ باشلىقىنى چاقىرىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن قولىغا كويزا سېلىنىپ، ئۈچىنچى قېتىم «قىزىل خىش مەكتىپى» گە كىرگەن. ئۇ بۇ يەردە ئاغزىنى بۇزۇپ «زالىملار» دەپ تىللىغانلىقى ئۈچۈن، بىر كىشىلىك كامىردا ئىككى كۈن «مېھمان» بولغان.

تۆتىنچى قېتىم «قىزىل خىش مەكتىپى» گە كىرگەندە ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. يېزىلىقلار سۇ ئامبىرىغا بېرىپ راك تۇتىۋاتقاندا، بېلىقچىلىق مەيدانىدىكىلەر كۆرۈپ قېلىپ، قىز - چوكانلارنىڭ ئىشتانلىرىنىمۇ تارتىۋېلىپ، تېخى قاقاخلاپ كۈلۈشۈپ كەتكەن. ئۇ ئىككىنچى كۈنى مەكتەپكە بارماي، سۇ ئامبىرىغا بېرىپ، پوجاڭزا تاشلاپ، بىر تەرەپتىن «سىلەر دېھقانلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگىنىڭلارنىڭ جاجىسى مۇشۇ» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئاچچىقىغا پايلىماي، كېتەر ۋاقتىدا قولى قىچىشىپ بېلىق تۇتىدىغان توردىن بىرنى ئېلىپ كېتىدۇ.

يۇشەن ياغاچچىلىق كارخانىسىنىڭ ھېلىقى ئاسما سائىتىنىمۇ، ئوخشاشلا «جۇي لىيۇزا» نىڭ مۇشۇ خىلدىكى «ئۆچ ئېلىشى» ئىدى.

«زىندان» غا كىرىپ قېلىشىمۇ، بىر قېتىملىق ئۇرۇش - تالاش سەۋەبىدىن بولغان.

1976 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئىش تۈپەيلى، ئۇنى لىيۇدوگۇلۇق كىشىلەر ئۇرغان.

ئۇ، بۇنىڭغا چىدىغان. جاھاننىڭ يولى شۇنداقلىقىغا تەن بەرگەن، لىيۇدوگۇلۇقلار بولسا، توختاپ قالماي، 40 نەچچە نەپەر ياش يىگىت قوللىرىغا تاياق - توقماق ئېلىپ «ئۆچ ئېلىش» ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ، بۇ ئىشنى توسۇپ قالالماي، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئارىغا چۈشكەن، نەتىجىدە قارشى تەرەپ ئوق چىقارغانلىقتىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان.

بىر قېپەس قاتتىق ئېلىشىپ، ئىككىلا تەرەپتە ئېغىر يارىلىنىش بولغان.

لىيۇجياگۇلىقلار مۇنداق دەيدۇ:

«لاۋلىيۇ نىڭ قىمار ئوينىغانلىقىنى بىلىمىز. قىمار ئويناش ۋە ئوغۇرلۇق قى-

لىش، بۇلاڭچىلىق قىلمىشلار بىر - بىرىگە تۇققان كېلىدۇ.

لاۋلىيۇ بېلىق تۇتىدىغان تور بىلەن ئاسما سائەتنى ئوغۇرلىغاندىن باشقا، ھېچ نېمە قىلمىدى. ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇ گېزىتكە چىقتى. قىمار ئويناشنىمۇ توختاتتى ... ئۇنى ئاياللارغا پوخورلۇق قىلدى دېگەنگە ئىشەنمەيمىز، ئۇ بۇنداق ناباپ ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. بىراق، ئادەم ئەمەسمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ...

[4]

باھار ئەمدىلا ئۆتۈپ بولىشىغا جوي لەنفاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترى-تى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن قەرزنى تۆلەپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر، ئۆلكە گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى قاتارىدا ئېلان قىلىندى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ «خەلق گېزىتى» مۇ بۇ خەۋەرنى باستى.

ماقالە ئېلان قىلىندى، بالا - قازامۇ كەلدى!

جوي لەنفاڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا باشلىدى. بىرىنچى تۈر-كۈمدىكىسى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ، ئىككىنچى تۈركۈمدىكىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكىسى ناھىيىلىك بانكىنىڭ، تۆتىنچى تۈركۈمدىكىسى باج ئىدارىسىنىڭ، ئەڭ ئاخىرىدىكىسى بولسا، بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر بولدى.

~~شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم، ئۆيىمگە پاتمايلا قالدى...دېدى ئۇ ئاچچىق كۈ-~~ لۈپ 1 - مېنىڭ ھېساباتلىرىمنى تەكشۈردى ..............................

ئۇنىڭ ھېسابات دەپتىرى يوق ئىدى. ئۇ ياللىۋالغان كىشىلەر سىرت-قا چىقىپ قايتىپ كەلگەندە، قانچە خىراج قىلغان بولسا، شۇنچە پۇلنى ھېساب-تىن كۆتۈرىۋېتەتتى! ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلغا چۈشكەن بىلەت ۋە ھۆججەتلىرىنى، بە-زىدە تاشلىۋېتەتتى، بەزىلىرى بولسا، ئۇنىڭ يانچۇقىدا تۇرۇپ يىرتىلىپ كەت-كەنىدى. ئۇ زىيان تارتسىمۇ، پايدا ئالسىمۇ ئۆزىمگە ھېساب دەپ ئويلايتتى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىنچىكىلەپ سوراپ، تەھلىل قىلىپ، پەرەز قىلىپ، يەنە «جوي ليۇزا» نىڭ تارىخىدىكى ئىللەتلىرى بىلەن باغلاپ كۆرەتتى ............

«ئۇنىڭ ئەزەلدىن مۇنچىۋالا پۇلى بولمىغان»، «ئۇ يالغانچىلىق قىلىپتۇ، بانكا قەرزىنى زادى قايتۇرمىغان»؛ «ئۇ قەرزنى قايتۇرۇشتا قەرزنى قەرز ئېلىپ قايتۇر-غان»؛ «قايتۇردى دېگەندىمۇ ئۇ پۇل ھالالدىن كەلگەن ئەمەس»......تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەسلىدىلا راسا بەلگىلەپ كەلگەنلىكتىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاجىز يې-رىدىن تۇتىۋالغان. «سەن ھارامزەدىلىك قىلىۋاتىسەن»، «ھىيلە مىكىر ئىشلىتىۋا-

تىسەن»، «سەممى بولمىدىڭ»، «ئىقرار قىلمىغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ»..........

تارىخ مۇشۇنداق بىر خىل ئادەملەرنىمۇ يارىتىپ قويغانكى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، خىزمەت قىلىش دېسەك، ئۇلار ئۇششۇك تەككەن پىدىگەندەك ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسى بىر قاچا شىلىمغا ئوخشايدۇ، ناۋادا ئۇلار «كۈرەش ئېلىپ بېرىش»، «كىشىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىش» دېگەننى ئاڭلاپ قالسا، مېڭىسىنىڭ كىلىتكىلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىلاستىكىلىقى بەكمۇ ئېشىپ كېتىدۇ:

ئۇ خاپا بولدى، غەزەپلەندى!

— مەن قەرز تۆلەپ قويۇپ جىنايەتكار بولدۇمما؟! پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، مەن قەرزنى تۆلەپ قويمىسامىلا بولىدىغۇ؟ — سەن كىمىڭگە ھەيۋە قىلماقچىسەن ھە؟

— ئۆتكەنكى ئىشلىرىمنى راست دېگەندىمۇ، ئۆزگەرتسەملا بولمامدىمۇ؟ بۇرۇن يوللۇق بولساقمۇ، سۆزلىشىدىغان ئورۇن يوق ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە يەنە سۆزىمىز يوللۇق بولسىمۇ سۆزلىيەلمەيمىزما؟!

— بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى پرىنسىپال خاتالىق، مەيدان خاتالىقىدىن ئىبارەت، ساڭا ئېيتىپ قويايلىكى: سېنىڭ قىلمىشلىرىڭ بىزگە ئايان. ھازىر دەل سېنىڭ پوزىتسىيەڭگە قاراۋاتىمىز!

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولسا، بەزىدە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھەم كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ: — شۇنداق ئاددى، ئاپ-ئاشكارە ئىش ئۈستىدە بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ئاڭلىتالمايسەن، ھەمدە سىنى بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلدۇرمايدۇ، قانداقتۇر، ئاياللار ئەركەك دورىسى يەپ، ئەرلەر ھۆسۈن تۈزەش دورىسى يەۋالغانمۇ؟ بىراق ۋاقىت تېز ئۆتكەنسېرى، ئامىتى كەتكەن ئادەملەرنىڭ، ھېلىقىدەك تارىخىي دەۋرلەرنى قايتىدىن ئىجات قىلىپ چىقىشقا ئۇرۇنمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

ئۇلار بىر كۈن ھەپىلىشىپ، قايتىش ۋاقتىدا:

— ئوبدانراق ئويلان، ئەتىلىككە داۋاملىق مەسىلە تاپشۇرىسەن! — دەپ تاپىلاپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن «سوغۇق سۇ ئىچسىمۇ سەمرىيدىغان» يىگىت ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېسابتا بىر جىڭدىن ئورۇقلاشقا باشلىدى.

دۇنيادا، ئادەمنى چۈشۈنۈشنى خالىماسلىق، ئۇۋال قىلىنىشتىنمۇ بۆلەك ئازاپ بارمىدۇ؟

ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن ئەترەتنىڭ ھېلىقى ئەيجەققى چىقىپ كەتكەن ئاقسا-

لىق گۈش پېششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى ھۆددىگە ئالغان ئىدى، تېرىقچىلىق قى-
لىدىغان كادىرلار ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. 10 مىڭ يۈەن خەجلەپ سېتىۋ-
ۋالغان مىياسوروپكا، بىر يىلدىن كېيىن يەنە 10 مىڭ يۈەن زىيان تارتقانلىقىنى
ئىسكىلاتقا تاشلىنىپ دات باسقان تۆمۈرگە ئايلىنىپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى.
ئۇنى ھۆددىگە بېرىۋەتسىلا، ھەر يىلى 5 مىڭ يۈەن نەق پۇل كەلسە، بۇنىڭغا
كىممۇ خوشال بولمىسۇن؟........

ئۇنىڭ ئائىلىسىدە چوڭ جېدەل - ماجرا چىقتى. ئاتىسى، يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ:

— ناۋادا سەن مېنىڭ ئوغلۇم بولىدىغان بولساڭ، بېرىپ ھېلىقى ھۆججەتنى قايتۇرۇۋەت، — دېدى.

— ئاتا.........

— قايتۇرامسەن؟ قايتۇرمامسەن؟ - ئاتىسى پەيلىرى كۆپۈپ چىقىپ تۇرغان غولىنى ئوغلىغا شىلتىدى. قايتۇرمىساڭ ئۆي ئايرىمىز. ئاپىسى ئاتىسىنى سۇپا يېنىغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ، ئوغلىنى ئەيىپلەپ كەتتى، - سەن تولىمۇ بېشى چوڭ بولۇپ كەتتىڭ، رادىئودا «ھۆددىگە بېرىش» دېگەننى بىلەن، ئۇ دېگەن رادىئو. سەن قاراپباققىنە، پۈتۈن ناھىيىدە كىم ھۆددىگە ئاپتۇ؟ ئەندىلا تۇرمۇشىمىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئەگەر يەنە سېنى تۇتۇپ كېتىپ «خىش توشۇتسا»، «زىندان» غا سالسا، ئائىلىمىز قانداق جان باقىدۇ! ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشقا مۇنداق قارايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. ئۇ پۇشايمان قىلامسۇ، ئارقىغا قايتىشقا بولامدۇ؟ ئۇ دېگەن توختام تۈزۈپ قول قويغان تۇرسا، ئارقىغا قايتالامدۇ!

ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈندى:

— ئاتا، ئاپا، ئوغلۇڭلار تۇرۇپ سىلەرگە ساداقەتمەن بولالمىدىم......

ئۇ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئات ئېغىلىنى تازىلاپ، ئۆي قىلىپ كىرىۋالدى. باشقىلارغا «پېششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا ئاسان بولىدىكەن» دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىۋالدىم دېيىشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ھەممەيلەن ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. خوتۇنى — ئۇنىڭ ھۆددىگە ئېلىشىغا قارشى بولسىمۇ، پەقەت «تەشكىلى» جەھەتتىنلا بويسۇنۇپ ئۈنچىقمىدى. يىل ئاخىرىدا ئامانەت قەرز كوپىراتىۋى ئەترەتكە كېلىپ قەرزنى قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، توك ئىشلىرى ئىدارىسى كېلىپ «توك پۇلىنى تاپشۇرۇڭلار، بولمىسا توك توختىتىمىز» دېدى، جۇي لەنفاڭ قولىدىكى 5 مىڭ يۈەن پۇلنى ئەترەت باشلىقىنىڭ قولىغا ساناپ تۇتقۇزدى.

ئەترەت باشلىقى:

—بۇ پۇل بىر داخۇر كالۋاغا چۈشۈپ كەتتى، ئەمدى ساڭا پۇل قايتۇرۇشقا ئامالىمىز يوق جۇمۇ! —دېۋىدى، ئۇ:

—بۇ پۇلنى مەن ئالمايمەن ، — دېدى.

يىل ئۆرۈلدى، ئۆلكە گېزىتى باش ئىستونىغا «دېھقانلىنىڭ قەلبى» دېگەن ئاخباراتنى باستى. شۇ چاغدا، بېيجىڭدا 1982 - يىللىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى. شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى گېزىتنى كۆرۈپ، دەرھال «خىلڭرىن ناھىيىسىدىن جۇي لەنفاڭ كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن خىلڭرىن ناھىيىسىگە جىددى تېلېفون بېرىلدى. بىر دانە جىپ ماشىنا ليۇجياگۇغا كەلدى.

—يولداش جۇي لەنفاڭ رەئىس سەھنىسىگە چىقسۇن. ئۇنى كۆپچىلىك كۆرۈپ باقسۇن ، — دەپ شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرى يەنە توۋلىدى..

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ يەرلىرى ھۆددىگە بېرىلدى، دۆلەتتىن ئالغان قەرزلىرىنىمۇ ئادەم سانىغا قاراپ تەقسىم قىلىۋېتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. جۇي لەنفاڭ مۇنداق قىلىشقا قوشۇلماي:

—يەرلەرنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ، بىراق قەرزنى ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە ئارتىپ قويۇش قاملاشمىغان ئىش بولمامدۇ. مەن تىرىشىپ ئوبدان ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا ئۇ قەرزلەرنى تۆلىۋېتەي ، — دېدى.

ئۇ گېزىتكىمۇ چىقتى، يەنە شەھەرلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىنىڭ «ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىلى» بولۇپ قالدى، بىر دەم ھاياجانلىنىپ كېتىپ ۋەدە قىلىپ قويۇپ، «مەيدىن كېيىن» ۋەدىگە ۋاپا قىلالمىسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مېڭىسى بىر ئاز قىزىپ قالسىمۇ لېكىن، خوشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمىدى.

بىرىنچى قېتىم ئاقسىللىق گۆش سودىسى بىلەن بېيجىڭغا بارغاندا، سېرىق چاچ، كۆككۆز كەلگەن بىر نەچچە چەتئەللىكنىڭ ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ئولىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى تازا كېلىدۇ. چەتئەللىكلەرنىڭ ھېچ نەرسىگە پىسەنت قىلمىغان قىياپىتىگە قاراپ، غەزىپىدىن ۋاقىرىۋەتكىلى تاس قالىدۇ:

— نېمەڭلەرگە گىدىيىۋالىسىلەر! يانچۇقۇڭلاردىكى شۇ نەچچە يارماقققىمۇ؟ قاراپ تۇر، ئاكاڭ قارىغاي باي بولغان كۈنى، چوقۇم چەتئەللەرگە بېرىپ، سەن خەققە ئۆزىنى بىر كۆرسۇتۇپ قويىمدۇ!

ئۇ نامرات بىر دېھقان بولغاچقا، پۇلسىزلىقنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتقانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭدا قىزغىنلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بولسىمۇ، يولغا قويۇلىۋاتقان سى-

ياسەت ئۇنى باي بولۇشقا قويمىغانىدى. ھازىر بېيىشنىڭ داغدام يولى ئۇنىڭغا كەڭ ئېچىلدى. دەسلەپ ھۆددىگە ئېلىش توختىمى تۈزۈلگەندە، ئەترەت ئۇنىڭدىن ئەسلىھە راسخوتى ئۈچۈن ھەر يىلى پەقەت 3 مىڭ يۈەنلا ئالماقچى بولغان. كېيىن ئۇلار «بۇ پۇل بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ»، دېگەندە ئۇ يەنە 2 مىڭ يۈەن قوشۇپ 5 مىڭ يۈەن بېرىدىغانلىقىنى جاكالىغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى دېسە، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى كۈلكىلىك ھېسابلايتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بىر ئادەم ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى. ئۇ، 20 مىڭ يۈەن يېتىپ قالار، دەپ مۆلچەرلەپ ئامانەت قەرز كوپىراتىپىغا نەچچە رەت بارغان بولسىمۇ، كۆككۈلتىن كېلىدىغان 10 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل تېخى كەلمەپتۇ. يېزا كادىرلىرى ئۇنىڭغا:

— تىرىشچانلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈزىۋاتقىنى باھار بايرىمى، ئۇ يىل ئاخىرىدىكى يېڭى يىل ئەمەس، — دېدى. بەزىلەر:

— شۇ 5 مىڭ يۈەننى تۆلىمەكمۇ ئاسان ئەمەس. بولدى، ھېچكىم سەندىن ئاغرىنمايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قىلغان گەپ ھېساب بولمىسا، يۈزۈمنى نەگە قويىمەن، — دېدى. ئۈچ قېتىم تېلېگىرامما بەرسىمۇ ھېچقانداق سادا بولمىغاندىن كېيىن، 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى پويىز بىلەن ئىچكى موڭغۇلغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، ئۇلار تىرىشىپ، دەرھال پۇلنى بەردى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى يۇلتۇز كۆرۈنىدىغان ھالەتكە كىرىپ قالغان، كۆكتات چىلايدىغان ئىدىش يېرىلىپ چىقىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئىدى. بىر جۈپ ئوغۇل - قىزىنىڭ سوغۇقتا قوللىرى مۇزلاپ ئىششىغانلىقتىن مانتۇدەك كۆپۈپ كەتكەنىدى. بىر يىلدىن كېيىنكى 1 - ئايدا، شەھەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كەلگەندە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

— مۇشۇمۇ 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە ئولتۇرىدىغان جاي بولامدۇ!، — دېگەنىدى.

رەھمەت ئېيتىش يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ سېتىۋالغان ھېلىقى تېلېۋىزورنى، كىشىلەر:

— ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋالغان، ئوغرىلىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، — دېيىشتى.

— ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ «ئوغرىلىغان مالنى يوشۇرغۇچى» بولۇپ قالدى!

ئۇنىڭ كوچىغا چىقىپ سەكرەپ، ۋاقىراپ، تازا تىللاپ دەردىنى چىقىرى-

ۋالىغۇسى بەكمۇ كەلدى.

بەزى تىراگىدىيەلەرنىڭ مۇقەددىمىسى كومىدىيە شەكلىدە باشلىنىدۇ. ئەمما «جوي ليۇزا» ئىشنى باشلىشى بىلەنلا تىراگىدىيە كىلىپ چىقتى.

[5]

— جوي ليۇزا يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈپتۇ!

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟ ئالدىنقى كۈنلەردە گېزىتتە ئۇنىڭ ئەترەت ئۈچۈن قەرز تۆلىگەنلىكىنى يازغان ئىدىغۇ؟.

— ۋۇ خۇيسەندە شۇنچىۋالا كۆپ ئەۋلىيالار توغرىسىدا ھىكايىلەر بار. لېكىن سەن ئۇلاردىن قايسىسىنى كۆرگەن؟ «جوي ليۇزا» ناۋادا ياخشى ئۆزگەرسە، ئىتلارمۇ پوق يىمەيدىغان بولاتتى! ... ... ... ... ... ... ... ... ...

تاغ ئارىسىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق، تاغلىقلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك، ئادەملىرى پويىزنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ جايدا غەيۋەتتىن ئىبارەت ناھايىتىمۇ زامانىۋىلاشقان خەۋەرلىشىش قۇرالى بار بولۇپ، «جوي ليۇزا» دېگەن بۇ سىگنالنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا، چاستوتىسى دەرھاللا ئۆزگىرەتتى.

[6]

ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، ئىككىنچى كۈنى، بەزىلەر «خىلقىرىن ناھىيىسىگە كېلىپ ۋۇنۇي تېغىغا بارمىساڭ خىلقىرىنغا كەلمىگەنگە باراۋەر بولىدۇ»، — دەپ مىنى ۋۇنۇي تېغىغا سەيلىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلادى.

مەن لياۋدۇڭ تاغلىرىدىكى بۇ داڭلىق تاغقا بېرىپ باقمىغان، لېكىن بۇ تاغ توغرۇلۇق نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم: — بىرى بەش نەپەر گۈزەل قىز بار بولۇپ، بايلار مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان. ئۇلار تاغقا قېچىپ بېرىپ تاغ پادىشاھى بولۇپ، بايلارنى يوقۇتۇپ، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولغان، چېرىكلەر كېلىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قىزلار قىيادىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ ئىككىنچى خىل رىۋايەتتە، بەش نەپەر قەھرىمان، تاغ ئۈستىگە قورغان سېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ، كېيىن قەلئە دۈشمەن تەرەپتىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەندە، قىيادىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىپتۇ؛ ئۈچىنچى خىل رىۋايەتتە، بەش قىز تاغ ئۈستىدە ئولتۇراقلاشقانىكەن، ئاكىسى بولسا ئۇدۇلىدىكى تۇمان تاغدا تۇرىدىكەن. ئەسلىدىكى شەرت بويىچە ۋەقە يۈز بەرگەندە ئوت يېقىپ بەلگە بېرىشمەكچى بولۇشۇپتۇ، ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا سىڭىللىرى ئاكىسىنى سىناپ ئوت يېقىپتۇ، ئۈچىنچى قېتىمدا قاراقچىلار كەلگەندە يەنە ئوت يېقىپتۇ، بىراق ئاكىسى كەلمەپتۇ.... بۇ رىۋايەتلەردىن پەقەت بىرىنىڭلا ئاخىرلىشىشى ئوبدان بولغان، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، بەش نەپەر پەرىزات ئەرشىدە تۇرۇۋېرىپ، زېرىكىپ قاپتۇ، يەر يۈزىدىكى تاغ - دەريالارنى كۆرۈپ، بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇندىن

باشلاپ، بۇ يەرگە مەھلىيا بولۇپ، ئەرشىگە قايتىپ چىقىپ كېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ ...

لىۇجىياگۇدا تۇرغان نەچچە كۈن ئىچىدە ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا، كىشىگە كۆمتۈرۈپ قويغان كېمىگە ئوخشايدىغان، يىراق ئايال كىشىنىڭ قىياپىتىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ۋۇنۇي تېغىغا قاراپ، چوققىدىكى ھازىرمۇ ساقلىنىپ تۇرغان قورغان ئىزلىرىنى، كۆل، بەش قىز قەۋرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلامەن ......

« جۇي لىۇزا » ھاياجانلىنىپ كەتتى :

بۇ يەردە تاغمۇ، سۇمۇ بار بولۇپ، بىر پارچە گۆھەردەك يەر ئىكەن! نېمە ئۈچۈن بۇ يەرنى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك چىرايلىق بىزەپ پەرىزاتلارنىڭ چۈشۈشىنى كۈتمەيدىكىنە ؟

بۇ باپنى قايغۇلۇق ناخشىغا قىستۇرۇلغان پائوزا دېيىشكە بولىدۇ.

[7]

لىياۋدۇڭنىڭ 5 - ئاي مەزگىلى، ئەمدىلا كۆكىرىشكە باشلىغان ۋۇنۇي تېغى قىپقىزىل قۇياش نۇرىدا رەڭگا - رەڭ تۈسكە كىرگەن ئىدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى ھېچقانداق خۇلاسە چىقارمايلا قايتىپ كەتتى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىن قايتا تەكشۈرۈشمۇ ئېلىپ بېرىش . بارماسلىق، نامىنىمۇ ئەسگە كەلتۈرۈش، زىياننى تۆلەپ بېرىش مەسىلىلىرىدە ئېغىزمۇ ئاچمىدى — دېھقان خەلق بۇنى ئۇقمايدۇ، شۇنداقلا بۇنداق ئىشلار بىلەن كارىمۇ يوق.

ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ جاھان ئىللىپ قالغاچقا، ئاقسىللىق گۆشىنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ تەس بولۇپ قالدى، ئۇ نەزىرىنى خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىدىكى بېلىقلارغا قاراتتى.

ئالدىنقى يىلى يازلىقى قەينى ئاكىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، قايتىشىدا بېلىقچىلىق مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېلىق سودىسىغا ئۇچراپ قالدى. نېمە دېگەن جىق بېلىق، نېمە دېگەن چوڭ بېلىق، بىر تال لېنزى بېلىقى 10 – 20 جىڭ كېلىدىكەن. باھاسىنى سورىۋېدى، بىر جىڭى ئىككى موچەنىكەن. نېمە دېگەن ئەرزان ھە ؟. پۇراپ بېقىۋېدى، بېلىق پۇراپ قاپتۇ، ئىنچىكىلەپ قارىۋېدى، بېلىق قارنى يېرىق ئىكەن، ئۇ 10 نەچچە جىڭ كېلىدىغان بىر تال بېلىقنى سېتىۋېلىپ، ماڭغاچ ئويلاشقا باشلىدى. « بۇ بېلىقلار بەكمۇ ئەرزانىكەن، ئەگەر بۈگۈن ئۇ بېلىقلار سېتىلىپ تۈگىمەيدىغان بولسا، تۇگۇشۇپ كېتىدۇ! بۇ بېلىقلارنى بىنشىغا ئېلىپ بارسام، بىر جىڭىنى بىر يۈەندىن ساتساممۇ، بولاپ كېتىدۇ. جۇمۇ! بولدى، شۇنداق قىلاي! »

ئۇ شىنياڭدىن مۇزلۇنۇش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆزى لايىھەلەپ قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، 14 مىڭ جىڭ بېلىق سىغىدىغان توڭلۇتۇش ئىسكىلاتى ياساپ

چىقتى، تېخنىكىنى چاقىرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرسىتىدى، ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 18 گىرادۇسقا يېتىپتۇ. كىشىلەر:

— ھەي ...... جوي لىيۇزا، بالا تۇغۇشتىن سىرت، ھەرقانداق ئىش قولۇڭدىن كېلىدۇ جۇمۇ! — دېيىشتى. سۇ ئامبىرىدىكى بىر قېتىملىق يىغىندا، بەزىلەر:

— جوي لىيۇزا، ئۆيدە قانداقتۇ مۇزلۇتۇش ئىسكىلاتى ياساپ، سۇ ئامبىرى رايونىدىكى بېلىقلارنى مونوپولىيە قىلىۋالماقچى بوپتۇ. جوي لىيۇزا دېگەن قانچىلىك بىرنېمە ئىدى؟ باشقا كىم ئىشلىمىسمۇ مەيلى، بىراق ئۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك! ئۇ ئىسكىلاتنى بېلىق بىلەن توشقازغاندا، ئىسكىلاتنى بېلىقلىرى بىلەن بىللە مۇسادىرە قىلىش لازىم! - دېيىشتى.

ئۇ، توڭلۇتۇش ئىسكىلاتىغا قاراپ پۈتۈن ئەزايىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش ئۆتۈپ بىر يىلدىن كېيىن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىر مەپەر رەھبىرى لىيۇجىياگوۋغا كېلىپ توڭلۇتۇش ئىسكىلاتىنى كۆرۈپ:

— توڭلۇتۇش ئىسكىلاتىنى قۇرۇپ، بازارنى تەمىنلەپ، بېلىق يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ نېمە يامىنى بار؟ لەنفاڭ، كۆزۈڭ ئۆتكۈر ئىكەن بىراق تۇتۇش قىلغانلىقىڭ كىچىك تۇتۇش قىلماي، چوڭ تۇتۇش قىلىش كېرەك! — دېدى.

مۇنداق گەپ بار يەردە قانات چىقىرىپ ئۇچماسمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كوزۇپلۇق «بېيىجىك» ماركىلىق جىپ ئاپتوموبىلى ۋە ماتورلۇق قولۋاق سېتىۋالغاندىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى ھەل قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئالدى بىلەن سودا سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا باردى. بۇ ئىدارە ئۇنى سودا - سانائەت باشقۇرۇش سودىسىغا بۇيرىدى، ئۇ يەردىكىلەر «ئىدارىغا بېرىپ سوراپ باققىن» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ يەنە ئىدارىغا باردى، ئىدارىدىكىلەر «بۇ ئىشنى سودا - سانائەت باشقۇرۇش سوسى باشقۇرۇپ بېرىدۇ» — دېدى.

ئاخىرى ئۇلار ئۇنىڭ بىر پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ئۇچۇن ھېسابات ئاچقانلىقىنى سەۋەپ قىلىپ، بېجىرىپ بەرمىدى.

ئۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ، رەھبەرلىك بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ رەھبەر ئۇنىڭغا:

— قايتىپ كېتىپ جاۋاپ كۈتكىن، - دېدى. ئۇ نەچچە كۈن ساقلىغان بولسىمۇ، جاۋاپ كەلمىدى، ئۇنداق چوڭ ئەرباپ يالغان گەپ قىلمايدۇ دەپ ئىشەنمەتتى. ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە ناھىيىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ كىشى بى-

لەن ئۇچىرشالماي، سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئورنىغا كەلدى.

ئۇ يەرنىڭ بىر مەسئۇلى گۇۋانامە بېرىشنى رەت قىلىۋىدى، ئۇ:

— سىلەر ئادەمنى بوزەك قىلىۋاتىسىلەر! — دېدى، بىراق بۇنى دەپ قويۇپ پۇشايمان قىلدى. ئۇلار قىلچە تەپ تارتماستىن:

— سىنى بوزەك قىلدۇقمۇ؟ سىنى ئەزدۇقمۇ؟ تىللىدۇقمۇ؟ سەن بىزگە تۆھمەت قىلىۋاتىسەن! ، - دېدى.

ئۇلار نېمىدىن قورقاتتى؟ ئۇ، ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى:

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سىلەر ماڭا پىراۋا بەرمەيدىغان ئوخشايسىلەر، مەن-مۇ سىلەرگە يىلىنمايمەن. سىلەردىن پەقەت بىر ئېغىز سۆزلا سورايمەن: سىلەر دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئېلىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلامسىلەر ياكى باشقىلارنىڭ گېلىنى سىقىپ ئېغىرچىلىق سالامسىلەر؟

بىر نەچچەيلەن يەڭلىرىنى شىمايلاپ كېلىپ:

— بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلماقچىسەن؟ سەن پەقەت «جوي لىيوزا» لىغۇ؟ جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ — دېيىشتى.

- ئۇرۇشامسىلەر؟ - دېدى ئۇ ئارقىغا داجىپ ئۇنىڭ يۈزلىرىنىڭ مۇس-كۇللىرى لىپىلداپ، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى:

- كىم غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىغان بولسا، يانچىپ قىيما قىلىۋېتىمەن! ھېچ-كىممۇ ئۈن سالمىدى.

ھەي ...... مەن «جوي لىيوزا» نىڭ مۇشۇ تەرسا مىجەزىنى ئۆزگەرتمەك تەس كېلىۋاتىدىغۇ، ھە! - ئۇ، ئۇزۇن بىر تىنىۋېلىپ، ماڭا كۈلۈمسىرەپ مۇڭ-داق دېدى؛

— ئۆتكەندىكى ئىشلار توغرىسىدا گەپ قىلسام، كىشىلەر مېنى «ئىشنىڭ كەينىدىن قورقىدۇ» دەيدۇ، ئەمما مەن كۆپرەك «ئىشنىڭ بېشىدا قورقىمەن ...»

«گۇۋانامە بولمىسا، ئاپتوموبىل، ماتورلۇق قولۋاق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئەمچەككە ئوخشاش بولۇپ قالامدۇ» ئۇ تازا ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدا، شەھەرلىك، ناھىيىلىك سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىلىرىنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ «مەندىن قانداق قىيىنچىلىقىڭ بار» دەپ سورىدى. ئەھۋالنى ئېيتىۋىدىم، شەھەرلىك سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى:

— «ئادەمگە مۇنداقمۇ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرگەن بارمۇ؟ ھازىرلا ھەل قىلىپ بەرسۇن» دېۋىدى، ئىشلىرىم ئاسانلا ھەل بولۇپ كەتتى، - دېدى.

[ 8 ]

ماتورلۇق قولۋاقنى سۇغا چۈشۈرگەن دەسلەپكى كۈنى ئۇ، ئۈچ سا-

ئەتتىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا 1600 جىڭدىن كۆپرەك بېلىق يىغىۋالدى.

ئىش باشلىنىش بىلەنلا، خەيرلىك بولدى! ئىككىنچى كۈنى، كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ كېمىسى ئالدىدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ بىر مەسئۇلى كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا چاتىرىقىنى كېرىپ تۇرۇپ:

— توختا! كىم سېنى بۇنداق قىلسۇن دېگەن؟ — دەپ ھەيۋە قىلدى.

جوي لەنغاڭ تىڭىرقاپ ھېچنىمىنى بىلەلمەي قالدى. «بېلىق مەسىلىسىدە بېلىقچىلىق مەيدانىغا 5 - 6 قېتىم كەلسەم، سىلەر گۇۋاھنامە بولسىلا بولىدۇ دېگەن تۇرساڭلار، ھەتتا مۇشۇ ماتۇرلۇق قولۋاقنىمۇ سىلەر ئۆزەڭلار ياردەملىشىپ ئېلىپ بەرگەنغۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپ تۇرۇپلا قالدى.

— كىمگە دېگەن بولساڭ شۇنى تاپ، مەن رۇخسەت قىلمىسام بېلىق يىغىۋېلىشقا بولمايدۇ!

ھېلىقى مەسئۇل كىشى راستىنلا بىلمەمدۇ ياكى مەقسەتلىك ھالدا بىلمەسكە سېلىۋالغاندىمۇ، بىلىپ بولمايتتى.

— لاۋليۇ، قانداق قىلىمىز - دېدى كېمە شوپۇرى.

— ئىشلەۋېرەيلى! سىياسەت بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز بولغاندىن كېيىن، كىمدىن قورقاتتۇق، پەقەت ئۇلارنىڭ ھوقۇقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مىندەك بىر دېھقاننى بوزەك قىلماقچىمۇ؟ مەن «جوي ليۇزا» بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن! شۇنداق قىلىپ ئۇلار تۆنۈگۈنكىدىنمۇ كۆپرەك بېلىق يىغىۋالدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بېلىق سېتىپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. بېلىقچىلار سائەت 4 - 5 لەردىلا تورلىرىنى يىغاتتى، بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ كېمىلىرى بولسا، چۈشلەردە كېلىدىغان بولغاچقا ئۇ، ئەتىگەنلا بارسا كېمىنى تېزلا بېلىققا توشقۇزىۋالاتتى.

ئۈچىنچى كۈنى، ئۇلار ئەندىلا بىرەر يۈز جىڭ بېلىق سېتىۋالىۋىدى، بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ كېمىسى قوغلاپ كەلدى:

— ئىسيان كۆتەرمەكچىمۇ سەن! يەنە كېلىدىغان بولساڭ كېمەڭنى پاچاقلىۋېتىمىز! - ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرى تولۇق قانۇنلۇق ئىدى. بىراق قانۇن چوڭمۇ ياكى ھوقۇق چوڭمۇ؟ ئۇلار ساڭا رەسمىيەت ئۆتەپ بەرگەن ئىكەن، رەسمىيەتنى بىكار قىلىشقىمۇ كۈچى يېتىدۇ. ناۋادا راستىنلا كېمىنى چېقىپ پاچاقلىۋەتسە، بۇ دېگەن كىچىك ياغاچ كېمە ئەمەستە! شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئاران ئىككى يېرىم كۈنلا بېلىق سېتىۋالدى.

ئۇ بېلىقچىلىق مەيدانى بىلەن بىر مەزگىل كېڭەش قىلىپ باقتى. بۇرۇن

بىر ئوبدانلا گەپ قىلغانلار، ياكى گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، ياكى بولمىسا ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى. كىممۇ يوقىرىنىڭ سىزىقىدىن چىقىپ، ئاددىي بىر دېھقاننى دەپ ئۆزىنى پاراكەندە قىلغۇسى كېلىدۇ؟ يەنە سۇ ئېلىپكەتمەر ئىدارى-سىغا باردى، ئۇلار:

-- بىز بۇ ئۇچاستكىنى باشقۇرالمايمىز، - دېيىشتى، يەنە قايسى ئورۇن «سۇ» ۋە «بېلىق»قا مۇناسىۋەتلىك بولغىيدى؟ ئۇ، شەھەرلىك پارتكوم رەھبەر-لىرى ئۆزىگە «چوڭراق تۇتۇش قىلىپ ئىشلە» دېگەن چاغدا ناھىيە رەھبەر-لىرىنىڭ شۇ سورۇندا بارلىقىنى ئىسىگە ئالدى.

ئەمما ئۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

ئەجەبا، ئالتۇنىنىڭ پارقىراپ تۇرىشىغىلا يول قويۇلۇپ، ئالتۇننى تېرىۋې-لىشقا يول يوقمۇ؟ بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— چاقچاق قىلماڭ ئەرباپ بىلەن، ئەپلەپ سالار ھەرباپ بىلەن دېگەن گەپ بار. سەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلەمسەن! -- دېدى.

ئۇ تەن بەرمەيتتى:

-- ئاددىي پۇقرا بولساممۇ، ئادەممەن! پارتىيىنىڭ سىياسىتى يولەنچە بولغان يەردە، مەن «جۆي لىيۇزا» چوقۇم ئۇلاردىن غالىپ كېلىمەن!

[ 9 ]

يەنە ھەر قايسى ئورۇنلارغا مېڭىپ كۆردى، ئۇ بېلىقچىلىق مەيدانى بىلەن «بېلىقچىلىق مەيدانى كېلىشىم باھا بىلەن ئۇنىڭغا 40 مىڭ جىڭ بې-لىق سېتىپ بېرىدۇ، ھەر جىڭ بېلىققا بىر يېرىم مودىن رەسمىيەت ھەققى قو-شۇپ ئېلىنىدۇ» دەپ توختام نامە تۈزدى.

بىرىنچى قېتىم ئۇ، ئەتتىگەنلا باردى، نەچچە قېتىم سورىسىمۇ، ھامان «ساقلاپ تۇر» دېگەن جاۋاپنىلا ئالدى. ئەتراپتىكى ئىككى ئۆلكە، نەچچە شە-ھەر، ناھىيىلەرنىڭ ئاپتوموبىل، تىراكتورلىرى بېلىق بېسىپ بىر - بىرلەپ كې-تىپ قالدى. يەنە بېرىپ سورىۋىدى، بىلىق يوق بولۇپ چىقتى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇنىڭغا نۆۋەت كەلگەندە، يەنە بېلىق تۈگەپ كەتتى. بۇ ئۇنى قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر رەت تالاش، تارتىش قىلىپ، 6 - 7 - 8 - ئايلاردىكى تۇتۇلغان بېلىقنى (بۇ چاغ بېلىق ئاز، ھەمدە بىلىقلارنى ساقلاش قىيىن مەزگىل) پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىدىغان، ھەتتا بېلىقچى-لاردىن بېلىق يىغىۋالسىمۇ بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ كېيىمسىنى ۋە ئادەملىرىنى ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ چىقىمى، بېنزىن ۋە ئۇپراش راسخوتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ، ئۈستىگە ئالىدىغان، 8 سائەت ئىچىدە ئەسلى مۇناشىنى

بېرىدىغان، 8 سائەتتىن باشقا ۋاقىتلارغا ئارتۇق ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ھەق قوشۇپ بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

دەسلەپ، بېلىقچىلىق مەيدانى كېمىگە تۆت ئادەم ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ بىرسى كېمە ھەيدىدى، قالغان ئۈچ كىشى بېلىق يىغدى. بېلىق يىغىش ئۈچۈن ئۆزى بىلەن بىرلا كىشى بولسا يېتىپ-ئېشىپ قالاتتى. ئىككىسىگە بىكاردىن-بىكار ئىش ھەققى بەردى.

ئۇ ئاچچىقىنى يۇتۇپ مۇنداق تەلەپ قويدى:

ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە نەچچە يول كېلىدۇ، بېلىقلارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن-كېمىنى ليوجياگو ئەتراپىغا بېرىپ توختۇتۇشقا بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۇ ھەر كۈنى بىر ئاپتوموبىل ياللاشقا كېتىدىغان پۇلنى، ھەمدە بىرمۇنچە ئادەم ياللايدىغان چىقىمىنى تېجەپ قالالايتتى، ئەلۋەتتە كۆپ سەرپ قىلىنىغان بېنزىن ۋە ئۇپراش راسخوتىنى ئۇ ئۇستىگە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ تەلەپكە ئۇلار «ياق» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ خۇددى سېپىل تۈۋىدىكى ئىتتىپاقلىققا ئوخشاش توختام بولۇپ قالدى!

ئۇ، ئۆزىنىڭ كېمىسىنى ئىشلىتىپ بېلىق سېتىۋالغاندا، دائىم تاڭ سەھەردە يولغا چىقاتتى. بۇ قېتىم كونا ئادىتى بويىچە كېمىنى ھەيدەپ كەلسە، ئۇلار تېخى ئورنىدىن تۇرماپتۇ. ساقلا-ساقلا سائەت توققۇز بولغاندا، كېمىنى ئىشقا سېلىپ، سائەت ئون بىر بولغاندا قايتىپ كېلىشىدە ئاران قىرىق-ئەللىك جىڭ بېلىق يىغىلدى.

ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك چىقىمى يۈز يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

ئىككىنچى كۈنى سائەت ئونلاردا كېمىنى ئىشقا سېلىپ، قىرىق جىڭ چىڭيۈ بېلىقى سېتىۋالدى.

قوشۇپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بولسا ئىقتىساد قىلىپ قالدى.

ئۇ بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ رەھبەرلىكىگە مۇنداق دېدى:

— ماڭا ياردەملىشىپ بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرەلەمسىلەر؟ يەنە قانداق شەرتلىرىڭلار بولسا، مەسلىھەتلەشسەك بولامدۇ. ئۇلار:

— بىز مۇشۇنداق بېكىتتۇق، ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، توختامنى مۇشۇ يەردە بىكار قىلىۋېتەيلى، — دېيىشتى.

ئۇنىڭ يەنىلا تەن بەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ كېيىندىكى كىشىلەرنى ئىنساپ-قا كەلتۈرۈشنى خىيال قىلىپ، ئۇلارغا ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ قىيىن-چىلىقلىرىنى ئېيتىپ، تاماكا، هاراق ئېلىپ بېرىپ، چىشىنى چىشلەپ ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى.

بەش كۈندە ئۇ ئاران بىر يۈز توققۇز جىڭ بېلىق سېتىۋالالىغانىدى.

نەچچە ئونلىغان موتوتسىكلىت كېلىپ دەريا بويىلاپ، بېلىق سېتىۋېلىپ، ئاندىن باشقا جايلارغا يۆتكەپ ساتىدۇ، ماڭا نېمە ئۈچۈن يول قويۇلمايدۇ؟.

ئۇ ئاچچىق كۈلدى.

[10]

«جوي ليوزا»نى يەنە سۇ ئامبىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ!

— بۇ ساراڭ بارغانلا يېرىنى سېسىتىدۇ!

— مەن بۇرۇنلا ئۇنىڭ دەككە يەيدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم. ئاپتوموبىل، كېمە دېگەنلەرنى ئەپلەشتۈرەلەمدۇ، دېهقان دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟............

هەي ۋۇنوي تېغى، قانداق كۈچ سەن توغرۇلۇق ئېيتىلغان هېكايىلارنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزۈپ كەلدى؟ كىشىلەرسىنىڭ هېكايىلىرىڭنى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا يەتكۈزگەن ۋاقىتتا، هەقىقىي تاغلىقلار پەقەت زېرىكمىدى، كەچ-كىنچە مۇشۇ روماندىكى هېكايىلارنىلا ئېيتامدۇ؟ شۇنىڭدەك، سېنىڭ ئالاهىدە سىرلىق رىۋايەتلىرىڭ ئارىسىدا، نېمە ئۈچۈن پەقەت بىرسىلا چىرايلىق ئاياقلاشمىدۇ؟.

قاتناش بەلگۈسى يوق دەريا ۋە «كومپارتىيەگە كىرىش»نى ئارزۇ قىلىدى-غان» دېهقان.

[11]

يەتتىنچى ئاي، شەهەرلىك پارتكوم سېكرېتارى خىڭرىنغا كې-لىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ ئايىقىدىكى خۇيلۇڭ سۇ ئامبىرىنىڭ ئون بەش مىڭ مو سۇ يۈزى تاشلىنىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ:

— دەريا بويىدىكى ئىككى يېزىنىڭ قىيىنچىلىقى بولغاندىكىن، شەخسلەرگە هۆددىگە بەرسەڭلەر بولماسمۇ؟ دېدى.

ئۇ باشتا بىر بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنى كۆرسىتىۋېدى، باشتىلار قوشۇلمىدى، جوي لەنفاڭچۇ دېۋىدى، ناهىيىلىك پارتكوم رەهبەرلىرى:

— ئۇ بولىدۇ، — دېدى.

جوي لەنفاڭنىڭ تىنچ تۇرغان يۈرىكى يەنە تېپىرلاپ سوقۇشقا تۇردى.

ئۇ ماشىنىسىنى هەيدەپ ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىرلىق سۇ ئامبىرى رايونى-

نى ئۈچ كۈن ئارىلاپ، بۇ سۇ ئامبىرىدا بېلىق بار ئىكەن، ئادەملەر مۇ يۇۋاچ، سادا كۆرۈنۈدۇ. ئەڭ مۇھىممى، ئۇ ھۆددىگە ئالغاچقا دېگىنى ھېساب بولىدۇ، ئەمدى خۇيجاڭدىكىگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتارمايدۇ، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى نەزەرىيە جەھەت-تىن خاتا ئەمەس، بىراق تارىخي تەرەققىياتنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇ پەقەت شەيئىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرگەن.

ئۇ يەنە ھەر قايسى ئىدارىلارغا قېتىراشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ كۈن قېتىرىغاندىن كېيىن ئۆزى $B$ تەرەپ، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى $A$ تەرەپ بولۇپ، كوچكە ئىگە بولۇش مۇددىتى 10 يىللىق بولغان، ۋە $A$ تەرەپكە بايلىقتىن پايدىلىنىش راسخوتى ئۈچۈن 70 مىڭ يۈەن تاپشۇرۇدىغان توختام تۈزۈشتى.

$A$ تەرەپ تېخىنىكا جەھەتتىن ياردەم قىلىشاندىن باشقا، توختامدىكى 7 ماددىنىڭ ئالتىسىغا «مەسئۇل بولمايمىز» دېگەن سۆز يېزىلادى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقى دەل تېخنىكا مەسىلەر ئىدى. ئەگەر توختامغا قول قويىمسا، كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولامدۇ؟. باشقىلىرى بىلەن سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ كارى بولمىغىنى بىلەن، گېزىت، رادىئولاردا «كەسپىي ئائىلىلەر-نىڭ قانۇنىي ھوقۇقى - مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك» — دەپ ئېيتىپ كىلىۋاتمامدۇ؟.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئى-دى. بىراق تارىخ ئۇنىڭ ھەر بىر باسقان قەدىمىگە پاجىئە ئۇرۇقىنى چېچىپلا كەلدى.

[12]

كۆكۈش دەريا يۈزىدە ماتورلۇق كېمە «تۇت - تۇت - تۇت» قىلىپ كەلمەكتە، كېمىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىنىڭ ئىككى يېنىدا قوش قانىتى شەكلىدە دولقۇنلار كۆتۈرۈلمەكتە، كېمىنىڭ ئارقىسىدا دولقۇن سىزىقلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، بارغانچە كېڭىيىۋاتقان بىر تال ئۇزۇن ئىز كۆرۈنەتتى.

— جويلىيۇزانىڭ «كىچىك تاۋۇتى» كەلدى! بۇ خۇيلۇڭ سۇ ئامبىرىدا كېمە پەيدا بولىشى بىلەنلا، دەريا بويىدىكى كىشىلەر — «تۇت - تۇت» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغان ھامان دېيىشىدىغان بىر جۈملە سۆز ئىدى. بۇنىڭ ئى-چىدە چۆچۈش، ئالاقزادىلىك، كۆپرەك مەسخىرە قىلىش ۋە ئۆچمەنلىك باردى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا دەريا بويىدا ئۇ «كىچىك تاۋۇت» خۇد-دى كىنولاردىكى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ماتورلۇق قېيىقلىرىغا ئوخشايدۇ،

«جۇي لىيۇزا پوچىلىق بىلەن كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرسا، بىر نەچچە ھەمراسى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە پەقەت بىر نەچچە تال «سەنبا مىلتىق» ۋە بىر پارچە «ياپون بايرىقى»لا كام بولۇپ قالدى! — دېگەن پاراڭلار پەيدا بولدى.

ئەينى يىللاردا، تاغ ئارىسىغا كىرگەن ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن تاغلىقلار باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان، بۈگۈنكى كۈندە، بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىشنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ، كىم-كىمگە ئۈچمەنلىك قىلىدۇ!

بىر-بىرىگە ماس كەلمەيدىغان، ئېچىنىشلىق، شۇنداقلا مول تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى دېگەن مۇشۇ — دە!

جۇي لەنفاڭ بۇلارنى ئازراقمۇ سەزمەيتتى. ئۇ يەنە خوشال بولۇپ كەتتى:

— خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ ھەر مو سۇ يۈزىدىن ھەر يىلى 10 جىڭ ئەتراپىدا بېلىق تۇتقىلى بولىدۇ، بۇ يەرنى خۇيجاڭ دەرياسى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ھەر موسىدىن بەش جىڭدىن بېلىق تۇتۇلسا، ھەر جىڭى بىر يۈەن بولسا، 15 مىڭ مودىكىسى قانچە پۇل بولىدۇ دېگىنە! ئۇ تولۇق ئىشەنچە بىلەن بىرىنچى قەدەمدە: دەريا بويلاپ ئۈچ كۈن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرگە سۇ ئامبىرىنى ھوددىگە ئالغانلىقىنى، ئەندى ئامبارغا پارتلاتقۇچ دورا - تاشلىماسلىقنى، بېلىق تۇتماسلىقنى ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولدى.

بىرىنچى كۈنىلا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقى مەلۇم بولدى.

ئۇ دەريادىكى بېلىق تۇتىدىغان تورلارنىڭ ناھايىتى كۆپلىكىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ پارتلاتقۇچ دورا بىلەن بېلىق تۇتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىشىلەر ئۇنىڭغا، 70 - يىللاردا بۇ يەردە بىر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانى بار بولۇپ ئۈچ يىل بۇرۇن تۇگۇشۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇ يەرلەر يەنە دەريا بويىدىكى يېزا ئاھالىسىنىڭ تەبىئىي بېلىقچىلىق مەيدانى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى.

ئۇ چاغدا، پەقەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقىنى ئاساسەن داشقايناقنىڭ تامىقىنى يېيىش كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئەندى ئۆزىگە نىسبەتەن قىزغىن، دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىلا ئويلىغانىدى. بىراق سۇ ئامبىرىنى ئۇنىڭ ھۆددىگە ئالغانلىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى:

— نېمە-نېمە؟ ھۆددىگە ئاپتىمۇ؟ ھۆددىگە ئېلىش دېگەن قانداق ئىشكەن؟

سەن نېمەڭگە تايىنىپ ھۆددىگە ئالدىڭ؟ ئۇ توختامنامىنى كۆپچۈلۈككە كۆرسەتتى.

— مۇشۇ قەغەز بىلەنلا، سۇ ئامبىرى ساڭا تەۋە بولۇپ قالدىما؟

— قانداقراق خوتۇندىن تۇغۇلغاندۇ بۇ ھارامتاماق!

— كۆتەر قاسقىنىڭنى! ........................................................

ئۇنى ۋەھىمە بېسىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى.

ھەددىدىن زىيادە جىددىلىشىپ ۋە ھارغىنلىق تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى ئاللا قاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق — مەيدانى قانداق ۋەيران بولغان؟

ئىپتىشلارغا قارىغاندا بىر سەۋەپ شۇكى، دەريا ياقىسىدىكى كىشىلەر — قالايمىقان پارتلىتىپ بېلىق تۇتۇپ، دائىم جېدەل ماجىرا بولۇپ تۇرغانلىقتىن، «ۋەيران» بولغان ئىكەن. بۇلتۇر بېلىق تۇتۇش باشلانغاندا، خېيپىڭ يېزىسىدىكى بىر ياش بېلىق تۇتۇش ۋاقتىدا باشقا بىرسى بىلەن قىزىرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۋەتكەن، بۈگۈنگىچە بۇ ئەنزىنىڭ باش ئايىغى چىقمىغان. دەريا ياقىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدە بېلىق تۇتىدىغان تور بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر بېلىق تۇتۇشنى قوشۇمچە كەسىپ قىلىۋالغان. ئۇ ئۆزى سۇ ئامبىرىنى ھۆددىگە ئېلىۋالسا، دۆلەتكە پايدىلىق بولۇپ، باشقىلارنىڭ تاماق ئۈستىلىدىكى بىر قاچىنى تارتىۋالغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئوبدان باشقۇرۇلمىسا، 10 يىل ئەمەس، ئىككى يىلدىلا بار ۋەسلىنى زىيانغا تۆلەپ بېرىشىمۇ مۇمكىن!

ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئۇ ئالدىراپ خوشال بولماسلىق لازىملىقىنى چۈشەندى، شۇ ئاخشىمى، ئۇ خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگۈلىمىلىرىگە ئاساسەن، «خۇيلۇڭ دەرياسى بويىدىكى ئاھالىلارغا خەت»نى يازدى.

بۇ يەردە بىر نەچچە ماددىنى كۆرسىتىمىز:

1 - بېلىق تۇتۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بېقىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە، كۆز ئالدىدىكى بېلىق تۇتۇشقىلا كىرىشىپ، ئۇنداق مۇددەتلىك ھېسابلاشنىڭ كامچىلىقىدىن بايلىق مەنبەسى قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەريا بويىدىكى ئاممىنىڭ سۇ — ئامبىرىنى ئاسراش شەرەپلىك، بېلىق ئوغرىلاش، بېلىق پارتلىتىشنى نومۇس بىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ياخشى ئەخلاق — پەزىلەتنى تۇرغۇزۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

2 - دەريا بويىدىكى يېزىلارغا تەۋە كېمىلەر پەقەت قاتناش، ترانسپورت ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىشى، بېلىق تۇتۇشقا ئىشلىتىلمەسلىكى لازىم. ئەگەر بۇنىڭغا

خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە، كىمىلىرى تۇتۇپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، بىلىق بايلىقىغا كەلتۈرگەن زىيىنى تۆلىتىۋىلىنىدۇ.

3 - پارتلاتقۇچ دورا بىلەن بىلىق تۇتۇش، زەھەرلىك دورا بىلەن بىلىق تۇتۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا، قەتئىي ھالدا ئىقتىسادىي جازا بىرىلىدۇ ..........................................................

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ خەتنىڭ ــ ئارگىنالىنى ئېلىپ ناھىيىگە كەلدى. بىر رەھبەر كۆرۈپ:

ــ بەكمۇ ياخشى يېزىلىپتۇ، ـ دېدى. ھەممە يەنە بىر مۇناسىۋەتلىك رەھ-بەرنىڭ كۆرۈپ ــ بېقىشىغا تەۋسىيە قىلدى. ئۇمۇ:

ــ بەك ياخشى بوپتۇ، ــ دېدى، ئۇ:

ــ ئۇنداق بولسا، خەتنى بېسىپ بەرگىلى بولارمۇ؟ قانچە پۇل كەتسىمۇ تۆلەيمەن، ــ دەپ ئىلتىماس قىلىۋىدى، ھېلىقى رەھبەر:

ــ بۇنى شەخسىي نامىدىن يازغاندا سالمىقى بولماي قالىدۇ، بىز مۇزاكىرە لىشىپ، ھۆكۈمەت نامىدىن يازايلى، ــ دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۈچ قېتىم «ياشىسۇن»...دەپ توۋلىۋەتكۈسى كىپكەتتى.

ــ بۇ، ئۇنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققانىدى.

ئۇ ھاياجان ئىچىدە نەچچە كۈن كۈتۈپ، بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالدى ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ يېتىشەلمىدى!

تا ھازىرغىچە، «ھۆكۈمەت نامىدىن» يېزىلغان «خۇيلۇڭ دەرياسى بويىدىكى ئاھالىلەرگە يېزىلغان خەت»نى ھېچكىممۇ كۆرمىدى.

[13]

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم ئورگىنىنىڭ ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كىيىن، ناھىيىلىك پارتكومغا يازغان دوكلاتىغا ئاساسەن ئېيتقاندا، بۇ «جۇيلەنفاڭ بىلىقچىلىق مەيدانىدا ئىش باشلاپ ئۈچىنچى كۈنى» بولغان ئىش، جۇيلەنفاڭنىڭ ئەسلىمىچە، ئۇنىڭ ــ «سۇ ئامبىرىغا بېرىپ ئىش باش-لىغان تۆتىنچى كۈنى» ئىدى.

سائەت ئۈچ ئەتراپىدا تاڭ ئەمدىلا سوزۇلۇشكە باشلىغاندا، ئۇ، ياللىۋالغان تۆت نەپەر ئىشچى بىلەن دەريا بويلاپ تەكشۈ-رۈشكە چىقتى، ئادەتتە مۇشۇ ۋاقىتتا سۇ ئامبىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش باشلىناتتى، بۇ چاغدا كېچە كېرەك قىلىنمايدۇ. چۈنكى كېچە ماتورىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا، بىلىق تۇتىۋاتقان كىشىلەر قېچىپ كېتەتتى.

دەريانى تۇمان قاپلىغاچقا ئىككى يۈزمېتىر يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولماتتى. سائەت تۆتلەردە پابۇ يېزىسىغا كەلگەندە، دەريا ئوتتۇرىسىدا سۇنىڭ شالاقشىغانلىقى ئاڭلاندى، بىر كىشى كىچىك قولۋاق بىلەن تور سېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ كىشىنى قىرغاققا يېقىن كېلىشكە چاقىردى. ئۇ ئادەم ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ جىم تۇرۋالدى. يان تەرەپتە كىچىك بولغاچقا، جوي لەنفاڭ كېمىنى سۇغا چۈشەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەم ئاندىن قىرغاققا يېقىنلاشتى.

يالىڭۋالغان بىر ئىشچى قولۋاققا چىقىپ، بېلىق تورىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەن يەنە بېلىق تۇتۇۋاتامسەن، مۇسادىرە قىلىمىز! — دېدى، ئۇ كىشى:

— بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر! سىلەر بۇلاڭچى ئىكەنسىلەر! — دەپ ۋاقىرىدى.

— سەن كىمنى بۇلاڭچى دەپ ئىللاۋاتىسەن؟ بۇ سۇ ئامبىرىنى ھۆددىگە ئالغانلىقىنى بىلمەيتتىڭمۇ؟

— ماڭە، گوڭشېغا بارىمىز...... ئۇلار ۋاقىرىشىپ تالاش-تارتىش قىلىشىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، يېزىدىن ئالتە-يەتتە ئادەم يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قالايمىقان ئۇرۇش-تالاش باشلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالدى.

ئىككىنچى كۈنى، جوي لەنفاڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە كېلىپ، رەھبەرلىككە بۇ ئىشنى دوكلات قىلدى. تازا سۆزلىشىۋاتقاندا، شاڭياڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن «جوي ليۇزا، خۇددى گومىنداڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئادەملەرنى ئۇردى، سىلەر تېزدىن كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ....»--دەپ تېلېفون كەلدى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشنى سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسىغا تاپشۇردى. سۇ-ئېلېكتر ئىدارىسىدىن ئىككى كىشى شاڭياڭ يېزىسىغا بېرىپ، كۆممە قوناق ئۇنىدىن ياسالغان قوتۇرماچ بىلەن يىمسىي-ۋېيلەك شورپىسىنى تويغىچە يەپ-ئىچىپ قايتىشىدا پەيلوگۇغا كېلىپ، جوي لەنفاڭ ۋە ئۇنىڭ يالىڭۋالغان ئىشچىلىرى تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ مۇنداق دېدى:

--سىلەر قائىدىدە ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭلار. توختام نامىغا ئونبەشىنچى كۈنى گۇۋالىق بېرىلىپ رەسمىي ھۆججەتتە ھۆددىگە ئېلىش ۋاقتى 1984-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنىگىچە بولىدۇ-- دېيىلگەن، تېخى ھۆددىگە ئېلىش ۋاقتى يېتىپ كەلمىدى، بۇ سۇ ئامبىرى يەنىلا خۇدانىڭ ئىلكىدە.........

كۈزنىڭ ئاخىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مۇنداق دېدى:

— توختام گۇۋالىق بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق بولۇۋەرگەچكە دېھقان جۇي لەنفاڭ بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلىشكە ئامالسىز قالدى، شۇنداقلا بۇ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى كەلگۈسى بولۇپ، بارغانچە مۇھىم بولۇۋاتقان جىددىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىدى!

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، كەچقۇرۇن سائەت بەشتىن ئاشقان مەزگىل.

ئۇ يالىڭۋالغان ئىككى ئىشچى بىلەن دەريادىن چىققان پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىككى كىشىنىڭ دەريادا بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قورقۇپ، قىرغاققا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. جۇي لەنفاڭ قىرغاقتا تۇرغان كىيىم - كېچەك، قول سائەتلەرنى ئېلىۋالغانلىقتىن ئۇلار ئامالسىز قىرغاققا چىقتى. بىر ئاز ئالدىغا مېڭىپلا، ھېلىقى ئىككى كىشى ئىككى ياققا قايرىلىپ يۈگۈرۈپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۈچ كىشى بۆلۈنۈپ ئۇلارنى بىرەر يولچە قوغلاپ بارغاندا، ھېلىقىلاردىن بىرسى يول ياقىسىدىكى ۋېلسىپىتنى مىنىپ قاچتى. جۇي-لەنفاڭ ئەمدىلا ئۇنىڭدىنى ئۆزەي دېگەندە، ئالدىدىن تونۇش بىرسى ۋېلسىپىت مىنىپ كېلىپ قالدى. ئۇ بىر ۋېلسىپىتنى ئارىيەتكە ئېلىپلا قوغلاپ كەتتى....

ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ماڭا مۇنۇلارنى دەپ بەردى:

— بىرىنچى قېتىم ئۇرۇشقاندا، مەن قول تەۋرەتمىدىم. ھازىر دېگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا ئوخشىمايدۇ، ئۇرۇشۇشقا بولمايدۇ؛ شۇنداقلا مەن دېگەن باشلىق، مەن بىر مۇش ئۇرسام باشقىلار ئون مۇش سالىدۇ. مەن بۇ يەرلىك ئەمەس، بۇ يەردە ئىشلەمەكچى بولسام، باشقىلار بىلەن ئوبدان ئۆتمىسەم بولمايدۇ. بىراق بۇ قېتىم مەن ئۇ كىشىنى نەچچە مۇش ئۇرۇۋەتتىم، چۈنكى بىرىنچىدىن ئۇنىڭ بىلەن يومداقلىشىپ تازا ئاچچىقىم كەلگەنىدى، ئىككىنچىدىن مەن پارتلىتىپ بېلىق تۇتقانلارغا بەكمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، «گۇمبۇر» قىلىدىش بىلەنلا، چوڭ - كىچىك بېلىقلار، قورساقلىرىنى ئاسمانغا قىلىپ لەيلەپ چىقىدۇ، بۇنى كۆرسەم پارتلىغۇچ دورىنى خۇددى مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئىچىگە تاشلىغاندەك بولۇپ كېتىمەن ... ... »

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يەنە پارتلاتقۇچ دورا بىلەن بېلىق تۇتقان ئىككى كىشىنى تۇتۇۋالدى.

8 - ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، يەنە شۇ كەچقۇرۇنلۇقى، شاڭيالىڭ يېزىسىغا يېقىن جايدا،

ئۇلار نېرىقى قىرغاققا ئۆتۈپ، پەيلۇگودىكى ياتىقىغا بارماقچىدى. كېچىكتە

تۇرغان ئادەم ئۇلارنىڭ بىلىقچىلىق مەيدانىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، كېمىگە چىقىشلى قويىدى. ئامال يوق ئالتە كىشى كېمىلىرىنى سېلىپ قوللىرىدا كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۈچ يول كەلگىدەك يەردىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، نېرىقى قىرغاققا چىقىۋالدى. ئۇلار دەريا ياقىسىدا ئولتۇرۇپ، بىرەيلەن ئاچالغا بېرىپ، ماشىنىنى چاقىرىپ كەلمەكچى بولۇپ ماڭدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ھېلىقى كىشى باش-كۆزى يېرىلغان ھالەتتە قايتىپ كەلدى. ئەسلىدە ئالدى تەرەپتە بىر توپ كىشىلەر پارتلاتقۇچ دورا بىلەن بېلىق تۇتۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ، ئۇلارنى توسقاندا، تاياق يەپتۇ.

— بىر نەچچە پۇلنى دەپ ماڭا ئىشلەپ، ئاغزىنى ياپالمىغۇدەك بولۇپ قالغاچقا، چىداپ تۇرالمىدىم! قانداق قىلاي؟ پەيچۇسورغا باراي دېسەم ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا باراي دېسەم يەنە گىرىمە نەچچە يول مۇساپىنى مېڭىشقا توغرى كېلىدۇ. يامان يولۋاس يولدا ياتسا، شىرغا يول بەرمەس دەپتىكەن، يەنىلا ئۆزەمنى تۇتۇۋالغىنىم تۈزۈك، كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ھەممىدىن مۇھىم، ئالدى بىلەن ئۇنى داۋالىتاي، — دەپ، ئەمدىلا تاغ تومشۇقىدىن بۇرۇلۇشىمىزغا ئالدى تەرەپتىن 5 — 6 ياش يىگىت يول توساپ كەلدى. بىز يول قويدۇق. يەنە تۆت-بەش ئادەم كەلدى، يەنىلا ھېلىقىدەك توسىۋالدى، ئۇلارنى باشلاپ كەلگەن بىرسى:

— سىلەر قەيەرنىڭ ئادەملىرى؟ — دەپ سورىۋىدى. بىز:

— بىلىقچىلىق مەيدانىنىڭ ئادەملىرى، — دەپ جاۋاب بەردۇق.

— بىلىقچىلىق مەيدانىنىڭ بولساڭ، سېنىڭ نەرىڭ ئارتۇقتى، — دەپ قويىنىدىن بىر دانە قىڭغىراقنى چىقىرىپلا چاناشقا تەمشەلدى، ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكەن نەچچەيلەنمۇ بۇرۇلۇپلا، بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كېلىپ پارتلاتقۇچ دورا تاشلىدى، بەختىمىزگە ئۇ پارتلىماي قالدى. مەن ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىڭغىراق تۇتقاننى قۇچاغلىۋالدىم ... ... ...

ئۇنىڭ قولىدا ھازىر قىڭغىراق تالىشىپ ئېلىشقاندا كېسىلگەن جاراھەتنىڭ تاتۇقى بار ئىكەن.

— بىز قىڭغىراق تۇتقان ۋە پارتلاتقۇچ دورا تاشلىغان ئىككى كىشىنى تۇتۇپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئېلىپ باردۇق، بۇ قېتىم ھۆددىگە ئالغان ۋاقىت توشۇپ قالدى، ئادەم ۋە قاتىللىق قوراللىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق، ئەمدى بىزگە يار-يۆلەك بولار دەپ ئويلاپتىمەن. نەدىكىنى، ئۇلار:

— سىلەرنىڭ ئادەم تۇتىدىغانغا قانداق ھوقۇقىڭلار بار؟ — دەپ بىزنى

سوراق قىلدى.

[14]

« پارتلىتىپ بېلىق تۇتۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. پارتلىتىپ بېلىق تۇتۇش، بېلىق بايلىقىنى قۇرۇتىۋېتىش خاراكتېرىنى ئالغان بۇزغۇنچىلىقتۇر. خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىدا پارتلىتىپ بېلىق تۇتقۇچىلارغا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ پارتلىغۇچ بۇيۇملارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتارىدا جازا بېرىلگەندىن تاشقىرى، بىر قېتىم پارتلىتىش ئېلىپ بارسا بايلىقنىڭ زىيانغا ئۇچراش ھەققى ئۈچۈن 300 يۈەن تۆلىتىۋېلىنىدۇ. قىلمىشى ئېغىرلارغا بىر ھەسسىدىن بەش ھەسسىگىچە قوشۇپ جازا بېرىلىدۇ.» بېلىق ئوغرىلاش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. شەخسلەر سۇ ئامبىرىغا كېلىپ بېلىق ئوغرىلىسا، كېمە، تور قاتارلىق سايمانلىرى مۇسادىرە قىلىنغاندىن باشقا، ھەر بىر كېمە بايلىققا زىيان سالغانلىق ھەققى ئۈچۈن 200 يۈەن تۆلەم تۆلەيدۇ. ھەر بىر پارچە بېلىق تۇتۇش تورى ئۈچۈن 10 يۈەندىن 20 يۈەنگىچە تۆلەم تۆلەيدۇ. قىلمىشى ئېغىرلارغا بىر ھەسسىدىن بەش ھەسسىگىچە قوشۇپ جەرىمانە قويۇلىدۇ»

«بېلىق بايلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلارنى پاش قىلغۇچىلارغا، ئىش تەكشۈرۈلۈپ، بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، زىيان ئۈچۈن تۆلىگەن تۆلەم پۇلى ئىچىدىن 30% ئاجرىتىپ مۇكاپات بېرىلىدۇ. نەق مەيداندا تۇتىۋېلىپ ھەمدە بېلىقچىلىق ئىشخانىسىغا ياكى جامائەت خەۋپسىزلىك پەيچۇسوسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلەرگە، ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، زىيان ئۈچۈن تۆلىگەن تۆلەم پۇلىدىن 50% ئاجرىتىپ مۇكاپات بېرىلىدۇ.»

دەريا ياقىسىدىكى كىشىلەر ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا بېرىپ، جوي لەنفاڭنى مۇشۇنداق دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، جوي لەنفاڭ ۋە سۇ ئامبىرىنى قوغدىغۇچى خادىملار بىرلىكتە يۈزدىن ئارتۇق بېلىق تورىنى مۇسادىرە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەرىمانە تۆلەشنى قوبۇل قىلىپ تورلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەنلەر يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. 8 دانە كېمە مۇسادىرە قىلىنغان (بەزى ماتېرىياللاردا 6 كېمە، بەزى ماتېرىياللاردا 10 دانە كېمە دىگەن). ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— مەن ھۆددىگە ئالغان چاغدا، بېلىقلار سۇ ئىلاھىغا تەۋە بولىدۇ.

ھۆددىگە ئېلىپ دۆلەت بىلەن توختام تۈزۈگىنىم، دۆلەتكە ۋاكالەتەن سۇ ئامبىرىنى باشقۇرغانلىقىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇسادىرە قىلىنىشقا بولمايدىكەن؟ مەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ مۇسادىرە قىلدىممۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدىمۇ مۇسادىرە قىلىنغانمۇ؟ ھازىرقى خۇيجاڭ سۇ ئامبىرىدىمۇ مۇسادىرە قىلىپ كەلدىغۇ؟ ھەممىسىلا سۇ ئامبىرى ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىنىدۇ؟ مەن پەقەت دېھقان بولغانلىقىم ئۈچۈنلىما؟ يەنە، مەن ھەر بىر بېلىق تورىغا تۆت بەش يۈەنلا جەرىمانە تۆلەيتتىم، بۇ خۇيجاڭ سۇ ئامبىرى قويغان جەرىمانىنىڭ كىچىك بىر قىسمىغىلا تەڭ كېلىدۇ، جەرىمانىنى تۆلىگەندىن كېيىن تورلىرىنى ئېلىپ كېتەلەيدۇ. مۇسادىرە قىلغان كېمىلەرنى، سۇ ئامبىرىنىڭ تەرتىۋى ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتۇرۇپ بېرىمەن……

ــئۇنداق بولسا، سەن نېمە ئۈچۈن كېمىلەرنى ئۇرۇپ چاقتىڭ؟

ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ بەردى ــ

ــمەن ئىككى كېمىنى چاقتىم. مەن ئۇ چاغدا، دەسلەپكى ئىش باشلىغاندا قاتتىق تىغراق بولماي بوشاڭلىق قىلسام كېيىن باشقۇرماق تەس بولىدۇ دېگەن ئوي بىلەنلا شۇنداق قىلغانىدىم. ھازىرمۇ قورقاتتىقاندا، ئۇلار قورقمىدىغان بولسۇن! كېمىنى چېقىپ قويغان بولسام، كېيىن پۇل تۆلەپ رېمونت قىلغۇزىمەن، قانداق قىلسا، مەيلى. بىرىنچى قېتىم ھېلىقى قولۋاقنى چاققاندا ئەتىسلا ناھىيىگە بېرىپ، رەھبەرلىككە «مەن كېمە چاقتىم!» دەپ ئېيتتىم. مەن رەھبەرلىكنىڭ مەسىلىنى تېزرەك ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم…

ھوقۇقۇم يوق تۇرۇپ قىلغان ئىككىنچى ئىش «نېمە ئۈچۈن تايىنىپ ئادەم ئۇردۇڭ؟» دېگەن مەسىلە بولدى. بۇ ئىشنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن:

ــبىز ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداۋاتىمىز ـ دە! شۇنداقلا بىز ئالدىدا مۇش كۆتەرگەن ئەمەس! ئۇلار ئادەم ئۇرسا، قانۇنغا خىلاپ ئەمەسمىكەن؟

ئۇنداقتا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇلار خالىغانچە تورسالسا، پارتلاتسا بولامدۇ؟ مەن شۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ـ تېپىش، قىڭغىراق بىلەن چېلىشىنى كۆتۈپ تۇرايمۇ؟

ھوقۇقۇم يوق تۇرۇپ قىلغان ئۈچىنچى ئىش: سەن نېمىگە تايىنىپ قانۇنسىز ھالدا كىشىلەرنى سولاپ قويدۇڭ؟ دېگەن مەسىلە بولدى.

7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پارتلىتىپ بېلىق تۇتقان ھېلىقى ئىككى نەپەر كىشىنى تۇتىۋالغاندا، كەچ كىرىپ كەتكەنىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا

ئايرىپ بېرىش كېرەكمۇ؟ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ «پارتلىتىپ بېلىق تۇتقانلارنى تۇتىۋالساڭلار بىزگە ئېلىپ كېلىڭلار» دېگەنىدى. خىيال قىلسام كەچ بولۇپ قاپتۇ. يولمۇ يىراق. ئۇلارمۇ ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى. ئەتە بىر نېمە دەي دەپ ئۇ ئىككى كىشىنى پەيلۇگۇدىكى تۇرار جايىمىزغا ئېلىپ كەتتىم.

ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا ھوقۇقى يوق ئىدى. بىراق ئۇ، بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۇلارنى ئۇرمۇدۇم، تىللىمىدىم ھەم ئۇلارنى ھېچكىم قاراۋۇللۇق قىلىپ ساقلىمىدى. يېتىش-قوپۇشى بىز بىلەن ئوخشاش بولدى، پەقەت بۇ يەردە ئۇخلىدىغۇ؟ دەپ ئويلايتتى.

پەقەت بىركېچە ئۆتتى. ئىككىنچى كۈنى يەنە بىر پارتلىتىپ بېلىق تۇتقان كىشىنى تۇتىۋېلىپ، ئوخشاشلا بىر كېچە كېچىكتۈردى.

«ئوغرىلىق، بۇلاش، قىمار ئويناش، لوكچەكلىك قىلىپ ئادەم ئۇرۇش قانۇنغا خىلاپ»، «ئادەم ئۆلتۈرسە خۇن تۆلەش» دېگەنلەردىن باشقا، ئۇنىڭ مىڭىسىدە «قانۇنسىز قاماش» دېگەن بۇ ئۇقۇم زادىلا يوقىدى. ئۇنىڭ كۆپرەك بىلىدىغىنى پەقەت، «كىمنىڭ ئەمىلى چوڭ بولسا، شۇنىڭ گېپى قانۇن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. كۆپرەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، ئادەتلەر بويىچە ئىش كۆرەتتى.

ئۇنىڭ سەھنىدە ئوينالغان ياكى ئوينۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تىراگېدىيەلىرىنىڭ ھەر بىر پەردىسىدە، دائىم بۇ خىل كۆلەڭگىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

بىراق بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، نېمە بولسا، شۇنى ئىمكان قەدەر دەپ قويۇپلا، ئۇنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، تۈپ ئالدىنقى شەرتىنى ئويلاشمىساق بولامدۇ؟

دەريا ياقىسىدىكى ئاممىنىڭ ھەممىسىلا «جۇي ليۇزانى قولغا ئالماقچى بولۇپتۇ!» دېيىشتى، ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىش بولغان.

[15]

ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ، پارتلىتىپ بېلىق تۇتقانلارنى تۇتىۋالسا، قانچە كەچ كىرىپ كەتسىمۇ، ئۇلارنى پەيلۇگۇغا ئېلىپ كەتمەيدىغان بولدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇتىۋالغان ھېلىقى ئىككى ئادەمنى، كېچىلەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بەردى. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر رەھبىرى كادىر ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ:

-ئۇلار ئاكا ـ ئۇكىلارمىكەن؟ -دەپ سورىدى.

-پىچاق كىمنىڭ؟

-مېنىڭ.

-پىچاقنى نېمە قىلىسەن؟

-ئۇلارنى سويۇپ تاشلايمەن.

-نېمە ئۈچۈن؟.

-ئۇلار بىزنى بىلىق تۇتقىلى قويمايدۇ......

ھېلىقى رەھبەر تېلىفۇننى ئېلىپ، يىغىۋېلىش ئورنى بىلەن سۆزلەشتى:

-بىردەمدىن كېيىن سىلەرگە ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپ بېرىمىز.

جۇي لەنفاڭ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى ھەمدە بىر ئاز ھاياجانلاندى.

..................................................................................

ھەر قېتىم سوقۇشقاندا قارشى تەرەپ «سىلەرنىڭ يولۋاس تېرەڭلەرلا ئار-تۇققۇ» دېگەننى ئەڭ كۆپ ئېغىزغا ئالاتتى. بىر قېتىم ئۇلار بېلىق پارتلىتىپ تۇتقان بىر نەچچە كىشىنى تۇتىۋالدى، قارشى تەرەپ تاياق - توقماق ئويناتقىلى تۇردى. ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئەقىل تېپىپ، ئارقىسىدا تۇرغان پورما كەيگەن، بېشىدا قاسقان شەپكىسى بار شوپۇرنى كۆرسىتىپ:

-مانا بۇ كىشى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن،-دەپ ۋاقىرىدى. بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ توختاپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىشىنىدىغىنى «ھۆكۈمەت ئادىمى» ئىدى. بىراق بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا تۇتىۋالغان ئادەملەر پەيچۇسوغا ۋە جخ ئىدارىسىغا ئېلىپ بېرىلسا، بۇياقتىن كىرىپ، ئۇياقتىن قويۇپ بېرىلەتتى. بەزىدە تېخى ئۇلار بۇ تەرەپتە تېخى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ▲ بولمايلا، ئۇياقتىن قويۇپ بېرىلەتتى. بۇ قېتىم بۇ ئىككى كىشىنى نەچچە كۈن قاماپ قويىدىغان بولسا، بېلىق ئوغرىلىغانلار قانداقمۇ چۆچۈمەي تۇرالىسۇن.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، تاشقىرىدا بىر ئاپتوموبىل توختاپ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بىلەن بىر ساقچى كىرىپ كەلدى، ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ھېلىقى تۇتۇلغان ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئاتىسى، ساقچى بولسا، ئۇلارنىڭ تۇققىنى ئىكەن. بۇ نەچچەيلەن نىرىقى ئۆيدە باشقۇشۇۋالغاندىن كېيىن، ئاكا - ئۇكىلاردىن قايتا سوراق سورىغاندا، ئۇلار ئەۋەلقى سۆزىدىن تېنىۋېلىپ:

--ئۇ پىچاق مېنىڭ ئەمەس!-دېدى، ھېلىقى رەھبەر جۇي لەنفاڭغا:

--بۇ ئىشنى ھازىرچە مۇقىملاشتۇرغىلى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە جاراھەت بارىكەن، ئۇلار ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈپ باقسۇن. سىلەر قايتىپ كېتىپ خەۋەر كۈتۈڭلار بولامدۇ؟-دېدى. جۇي لەنفاڭ:

--ئۇلار ھازىرلا ئىقرار قىلغانغۇ؟-دېۋىدى، ھېلىقى رەھبەر:

--ئۇ دېگەن مەسلىكتە قىلغان سۆز. سىلەر ئۇلارنىڭ مەس بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟-دېدى.

دەرۋەقە، جوي لېنفاڭ ھېلىقى كىشىنى قۇچاغلىۋېلىپ پىچاقنى تارتىۋالغاندا، ھاراق ھىدىنى پۇرىغان ئىدى. بىراق ئۇلار مېھمانخانىدا ھاراق ئىچىپ بولۇپ، جوي لېنفاڭلار تەرەپكە بۆسۈپ كەلگەنىدى. ئالايىتىن خوشنىلىرىنىڭكىگە كىرىپ پىچاق ئېلىۋالغان كىشى نېمىشكە چۆمۈچ ئالماي بەلكى، ئامبالدىكى قىڭغىراقنى ئالـ دۇ؟ئېھتىمال ھاراق ئىچكەندىن كېيىن قاتىللىق قىلسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولامدۇ؟ دەل ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ھېلىقى ساقچى ئۈچىنچىدىكى چاپاننى سېلىۋېتىپ، يان قورالىنى كۆرسىتىپ غەزەپ بىلەن ئۇيان - بۇيان كىرىپ - چىقىپ مېڭىپ يۈرۈپ:

--مەن تېخى كىمنى جوي لېۋزا دەيدىكەن دەپتىكەنمەن، سەن ئىكەنسەن - دە! سەن نېمىگە تايىنىپ خالىغانچە ئادەم تۇتىسەن؟ نېمە ئۈچۈن كىشىنى ئۇرۇپ مۇنداق قىلىۋېتىسەن؟ سېنىڭ كىشىلەرنى قادىغان ئىشىڭ تېخى توگىمىگەنىدى!- دەپ ۋاقىرىدى.

--مەن بۇ ئەھۋالدا، ئاستا يولۇمغا ماڭمايدىغان بولسام ئۆزەمنى قاماپ قو- يۇشى تۇرغان گەپ ئىدى!-ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقىدى.

--مەن بىر دېھقان، ئۇلار بىلەن زوكونلىشالمايمەن، شۇنداقلا زوكونلىشىد- غان يەرمۇ يوقتە!

--جوي لېۋزا يالىۋالغان ئىشچىنى بىراۋ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ!

--ھەي..........بەكمۇ ئوبدان، تېتىك ئادەم ئىدى!

قانداق؟ يەنىلا ئۇنى قوغلىۋېتەرلىك نېمە ئۇ لېۋجيا گۇلۇق نېمىسىگە تايىنىپ بىزنىڭ شاگىياڭغا كېلىپ خوجايىنلىق قىلامدۇ؟

--مەن بۇرۇنلا خۇيلۇڭدا ئادەم ئۆلمىسە، ئازراقمۇ توختاپ قالمايدىغانلى- قىنى ئالدىن كۆرگەن ئىدىم!

--بۇ قېتىم ئادەمنى خاتا ئۇرۇپ قويدۇق!..........

[16]

ھەي ۋۇنۇي تېغى،

سەن «جوي لېۋزا» ماركىلىق كېمىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ساما يولى ساھىلىدىن پەرىزاتلارنى ئېلىپ كېلىدىغان «جوي لېۋزا» ماركىلىق كېمە ئىدى!

ھەي.... دوم كۆمتۈرۈلگەن كېمىگە ئوخشاش تاغلارنىڭ دولقۇنىدەك چوققى- لىرى ئارىسىدا لەيلىگەندەك تۇرغان ۋۇنۇي تېغى!

سەن نېمە ئۈچۈن «چۆككەن كېمە تېغى» دېيىلمەي بەلكى ۋۇنۇي (بەش قىز) تېغى دېيىلىدىغانسەن؟. ھەي ۋۇنۇي تېغى، ھېلىقى پەرىزات مۇھەببەت باغلاپ قايتىپ كېتىشنى ئۇنۇتۇپ قالغان، قىزلارنىڭ كۆ-

زىگە ئوخشايدىغان «تەڭرى كۆلى»گە تولغان سۇلار، سېنىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن ئاچچىق كۆز ياشلىرىڭنىڭ سۈيىمۇ؟

—ئېنىم دېمىگەندىمۇ (ئىككى بىر قېرىنداش ئىنىسى-ئاپتورنىڭ ئىزاھى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۇققۇنۇم، (بىرسى باجا، بىرسى ھامىنىڭ ئېرى) شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ياردەملىشىپ زىرائەت تۇشغىلى ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن، شۇنداقلا ھەممىسىنىڭ بالا ۋاقىسى بار تۇرسا، ئۇلار يەنە «گوندىخانا»دە ئولتۇرسا بولامدۇ؟ ئۇنى بىز ئۇستىمىزگە ئالايلى......

ئوخشاش مەزمۇندىكى بۇ خىل گەپلەر، يالغۇز يىغلاسىراپ تۇرغان لۈي-تىڭلىڭنىڭ ئايالىنىڭلا ئاغزىدىن چىقىپ قالمىدى، ھەممە شاڭيىاڭ يېزىسىدىنلا چىقىپ قالمىدى.

بەزىلەر:

-قانۇن دېگەن نېمە ئۇ؟ بىزنى تۇتسىلا ئىش پۈتىدۇ-دە-دېدى.

بەزىلەر:

—بۇ ئىش بىر مۇجمەل بۇتخانا، مۇجمەل ئىلاھ، مۇجمەل ئىنىزە،-دېيىشتى.

[17]

توختام تۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپلا داۋا باشلىنىپ كەتتى. شاڭيىاڭ يېزىسى دەيدىكى:

— ناھىيىدىن خۇيلۇڭ سۇ ئامبىرىنى بىزنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىمىزغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى نېمىگە ئاساسەن جۈيلەنفاڭ بىلەن توختام تۈزەيدۇ؟ سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى دەيدىكى:

-خۇيلۇڭ سۇ ئامبىرى—دۆلەتنىڭ بايلىقى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى دۆلەت-نىڭ ئورگىنى، بىزنىڭ دۆلەتكە ۋاكالىتەن جۈيلەنفاڭ بىلەن توختام تۈزۈشىمىز بىزنىڭ خىزمەت دائىرىمىزگە كىرىدۇ.

سۇ ئامبىرىنى شاڭيىاڭ يېزىسى ۋاكالىتەن باشقۇرسۇن دېيىلگىنىدە ئۇلاردا رەسمىيەت قەغىزى بارمۇ؟ شۇنداقلا ئۇلار زادىلا ۋاكالىتەن باشقۇرمىدى. ھەممىسىلا ئۆزىنىڭكىنى راس دەيدۇ. پالاكەت بېسىپ دەرت تارتقان كىشى كىم بولدى؟

تا - ھازىرغىچە جۈيلەنفاڭمۇ بۇ توختامنامىنى كىم بىلەن تۈزۈشسە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدى. ناھىيىدىكى رەھبەرلەر دەيدىكى:

— سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى ھېچنېمىگە، «مەسئۇل بولمايمىز» دەپتۇ، بۇنداق توختامنى سەن قانداق ئېتىراپ قىلدىڭ؟ بۇ ھەر يىلى ئۇلارغا يەتتە مىڭ يۈەننى بىكارلا بېرىۋېتىش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟

سۇ ئىنسپېكتور ئىدارىسى بۇنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ قوشۇلغان، جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى گۇۋاھلىق بەرگەن بولغاچقا، توختامنامە قانۇنلۇق بولىدۇ. تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، ياردەم بېرىشتىن باشقا، بىز يەنە نېمە قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك؟ ئامبار رايونىنىڭ تەرتىپىنى قوغداش، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىلەن ئەدلىيە ئورۇنلىرى بارغۇ؟ مەيلى كىم ھۆددىگە ئالسۇن، كىم بىلەن توختام تۈزمەيلى ھەممىسىلا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈشىگە مۇھتاج. خىزمەت ھوقۇقىمىز دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئىشلارغا بىز مەسئۇل بولال-مايمىز. ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان يەتتە مىڭ يۈەن بايلىقتىن پايدىلىنىپ راسخوتى كۆپ بولۇپ كەتتى دېيىلسە، ئون بەش مىڭ مو سۇ يۈزىدىن ھەر موسىدىن بىر تال تاپان بېلىقمۇ ئالالماسمۇ؟ نەدىكىنى، جۇيلەنفاڭ سۇدا تۇرۇپ نالە-پەر-ياد قىلاتتى. بۇ يەردە كىشىلەر توختاپ قالماستىن بىر-بىرى بىلەن تالىشاتتى، ئۆزىنىڭكىنىلا راس دەيدىغان سۆز جۈملىلىرىنى يىپقا تىزغان مارجاندەك تىزىۋەتەتتى. ھەممە خۇيلۇك ئامبىرىدا ئۆلۈم ئەنزىسى چىققانىدىن كېيىن، كىشىلەر تېخىمۇ ئەستايىدىل، تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ كېتىشتى......

خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى جۇيلەنفاڭغا تەۋە بولدى، ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەن-دىمۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇپ، ھېچبولمىغاندا بىردىن ياردەمچى تەدبىرنى بولسىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ باقمايدۇ؟ ئۇ يەردە بىر «ھۆكۈمەت ئاپپاراتى» بۇ يەردە بىر «دۆلەت ئورگىنى» بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىگە كىمىگە مەسئۇل بولۇش بولىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە بەزى ئىشلارنىڭ ياخشى بولماسلىقى، مۇشۇ يەردە ئەمەسمۇ؟

ھاراق تەييارلىنىپ بولدى، قانداقلا ماركا چاپلىغىنىنىڭ بىلەن، يەنىلا شۇ بوتۇلكىدە!.

[18]

جۇيلەنفاڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېشى قېتىپ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لەپپىدە ياش قۇرامى ئۆزىنىڭ ئاتىسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك بىر مويسىپىت پەيدا بولۇپ، «شاۋلىيۇ» دەپ ئاتىلارچە چاقىردى، شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە مېھىر بىلەن چاقىرغانلىقتىن، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىللىپ كەتتى. بۇ كىم؟ ھە راس، ئۇ بېيىنشى رايونىنىڭ ئەمەلدارى، شەھەر-لىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ئىدى.

بۇ مويسىپىتنى ئۇ ئىككى قېتىم كۆرگەن، بىرىنچى قېتىم ئۇ بۇ دېھقانىنى قۇرۇلتاي رەئىس سەھنىسىگە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنى باشقىلارغا كۆرسەتكەن،

ئىككىنچى قېتىم، ئۇ، ئۇنىڭ خۇيلۇك سۇ ئامبىرىنى ھۆددىگە ئېلىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن چېغىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغان. ئۇنىڭغا:

— «شاۋلىيۇ» ئوبدان ئىشلىگىن، ياخشى ئۆگەنگىن، پارتىيىگە كىرىشكە تىرىشقىن......، — دېگەنىدى.

ئاھ، پارتىيە! پارتىيە!

يېقىنقى ۋاقىتلاردا، ئۇ پارتىيىگە ئىشىنەتتى. باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئاتىسى پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆيىگە كەلگەندە ئاتىسىدىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن پارتىيىگە كىرەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىغانىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي تازا قىزىغان ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى پارتىيەنىڭ سىماسى بارغانچە مۇجمەللىشىپ كەتتى، ھەتتا ئىزناسىمۇ قالمىدى. ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ پارتىيەنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى، — شۇنچە يېقىن، ئەمەلىي بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم، ئوزۇق، تۇرار جايلىرى، ھەرىكەتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شەھەرلىك پارتكوم سېكرېتارى ئۇنى رەئىس سەھنىسىگە چىقىشقا چاقىرغاندا، بۇ ئوقۇشتىن توختاپ قالغاندىن كېيىن كۆز يېشىنىڭ ئاچچىق ياكى قىرتاقلىقىنى قايتا تېتىپ باقمىغان يىگىتنىڭ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى......

پەقەت پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنىلا ئۇنى باشقا تىزگىنلىكتىن ئازاد قىلىپ، رەئىس سەھنىسىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ پارتىيىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۈزىتىۋاتقانلىقىنى، زالدا ئولتۇرغان ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە چوڭ - كىچىك كوچىلاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۈزىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ پارتىيىگە تەئەللۇق، ئۇ پارتىيىۋىلىكىنى بىلمەيدۇ، لېكىن ئۇ ۋىژدانلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ پارتىيىگە رەھمەت ئېيتماقچى، پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنىگە رەھمەت ئېيتماقچى. مەن پارتىيە ۋە خەلققە ئۆتكەندە ئىلتىپاتلىرىم ئۈچۈن جان تىككەن بولسام، بۇندىن كېيىن پارتىيە ئۈچۈن جان تىككىدىغانلىقىمنى كۆرسىتىشنى خالايمەن دەپ ئويلايتتى.

بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل دېھقان مىجەزىنى ياراتماي، بۇ پارتىيىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش دەپ قاراتتى. بىراق كىشىنىڭ تەرەققىياتى، ئالغا بېسىشى ئۇنىڭ بۇرۇنقى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەلۋەتتە دەسلەپكى يىللاردىكى ئىنقىلاب شۇنچە نۇرغۇن دېھقان ئەزىمەتلەرنى چېنىقتۇرۇپ قەنىمي بولشېۋىكلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرگەن، بۈگۈن ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېڭى ئادەم قىلغىلى بولماسمۇ؟ شۇنداقلا، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەممىيات جەھەتتە بىردەك-لىكنى ساقلىسا، بولامدىكەن؟

ئۇ باشقا تىزىملىكتە كىرگۈزۈلگەن تۆنۈگۈنكى كۈنلەر، دەل ھېلىقى «مىسلى كۆرۈلمىگەن» يىللار بولۇپ، ئۇنى شان-شەرەپ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. بۈگۈنمۇ بۇ تاغ ئارىسىدىكى ئەزىمەتنى، ئەتىمالىكتە ئۇنداق ياكى مۇنداق كامچىلىق ئۆتكۈزمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ھەقىقىي خەلقتىن كەلمىگەن تۈرلۈك ئۇسەك سۆزلەر بىلەن، ئۇنى چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغان ئالۋاستىغا ئوخشاتقان ۋاقتىدا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» دىن ئىلگىرى، ئۇ، ئوخشاش يىللىق ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئەڭ بالدۇر قىزىل گالىستۇك تاقى-غانلارنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۈچ يىل سىنىپ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭ بىردىن بىر ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن ئادەم بىلەتتى؟

ئاخىرىدىكى زەھمەت ئېيتىش يىغىنىدا، ئۇ پەقەت نەچچە ئېغىزلا سۆز قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر جۈملىسى مۇنداق:

— ۋەتەننى چوڭ بىر گۈللۈك باققا ئوخشاتىمىز، مەن باغ ئىچىدىكى بىر گۈل بولۇشنى خالايمەن! ئۇنى چۈشەندۈرگەن، ھەممىسى ئاشىق قىلمىدىغان ليۇجاگۇلىقلار:

— لاۋليۇ قاچاندىن باشلاپ شائىر بولۇپ قالدى؟ — دەپ ھەيران قېلىشتى، پەقەت ئۇنىڭغىلا ئېنىقكى: ئۇ سۆزلەر باشلانغۇچ مەكتەپ 4 - يىللىقىنىڭ بىر ئىملا ماقالىسىدىكى جۈملىلەر ئىدى. بۇ، 32 ياشقا كىرگەن ئادەمنىڭ بالىلىق قەلبى ئىدى!

زەھمەت ئېيتىش يىغىنىدىن بۇرۇن، ئۇ مۇنداق پىلان تۈزگەن ئىدى: يەنە بىر ئاز پۇل تاپقاندىن كېيىن، ليۇجاگۇدىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان يولدىكى ھېلىقى كۆرۈكنى ئوبدان قىلىپ رېمونت قىلىپ قويىمەن. ئۇ كۆرۈك بەك تار، ھەممە ھۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەچكە، كىشىلەر يىقىلىپ ئۆلۈپمۇ كەتكەن ئىدى. بىراق ھېلىقىدەك مەنزىرە، كەيپىياتنى كۆرگەندە، قانداقمۇ بۇ سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرالىسۇن!

كەمبەغەللىك، كىشىنى غەزەپلەندۈرۈپ ئۆزىنى كۆچەيتىش، ئۆز ئىمكانلىكىنى تىكلەشكە يېتەكلەيدۇ. شۇنداقلا كەمبەغەللىك يەنە ئۆزىنى تۆۋەن چاغلايدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان قىلىپ قويۇپ، ئادەمنى روھسىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. جوي لەنفاڭ ئىسىمىنى بىلگەندىن باشلاپلا، ئاتىسىنىڭ قارا تۇرۇكلىكى، قورۇنغان ھالدا كۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىنىلا كۆرگەن. ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن چاغدىكى تۇنجى يىغىسىغا ھېچكىم خۇشال بولمىغان، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ تۆرىلىپلا بۇ دۇنياغا يىغلاش،

خوشامەت قىلىش ئۈچۈن كەلمىگەن! دۇنيادا كۆكرىكىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمىگىدەك بولىدۇ، ھەقىقىي يىگىت ئاتالغىلى بولىدۇ-دەپ ھېسابلايتتى.

ئۇنى «پارتىيىگە كىرىشكەتمىشقىن»-دەۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن، ئۇ «جۇي لىيۇزا» دا قاچانلاردا بۇنداق ئارزۇ-ئۈمىد بولۇپ باققان! ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى ئانچىكى ئىشلار بولۇپ، ھەرگىزمۇ چوڭ سورۇنلارغا چىقىشقىچىلىكى يوق دەپ ھېسابلايتتى. بىراق ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇ ئويلىنىشقا چۈشتى، غەيرەتكە كەلدى، يەنە بىر قېتىم كۆز يېشىنىڭ ئاچچىقلىقىنى-ياق تاتلىقلىقىنى، شۇنچە تاتلىقلىقىنى تېتىدى! تاغ ئارىسىدا پەقەت تاغلىقلارنىڭلا قايىدىسى ئاقىدۇ.

[19]

شۆجىڭگەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ ئىككىنچى كۈنى، بىر مۇخبىر خىلقىرىنغا كىلىپ، كوچا-كوچىلاردا غۇلغۇلا بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئىشىنىڭ ئادەتتىكىچە ئەمەسلىكىنى ھىس قىلدى. ئەھۋالنى ئىگەللىۋىدى، قاتتىق تۇتۇپ سوراق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ ناھىيىلىك پارتكوم خەۋەرسىز قالغان. ئۇ دەرھال تېلېفون بېرىپ، شەھەرلىك پارتكومغا دوكلات قىلدى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ بىر رەھبىرى دەرھال خىلقىرىن ناھىيىلىك پارتكومغا «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ»، «كەسپىي چوڭ ئائىلىنىڭ ئىشىنى ياخشى بېجىرىپ بېرىش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

ئىككىنچى كۈنى، مۇخبىرنىڭ ماقالىسى رادىئودا ئاڭلىتىلدى.

بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ناھىيىلىك پارتكوم، ئاندىن ئىككى تۈرلۈك قارار چىقاردى. بىرىنچى قاراردا «ئادەم ئۆلۈش ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەمەس بولۇپ، بۇنى ھۆددىگە ئېلىش بىلەن باغلاپ قارىماسلىقى كېرەك» دېيىلدى.

راس، لۈمى، تىڭلىك قاتارلىقلار زىرائەتلىرىنى توشۇغىلى بارغان، ھەرگىز ئۇرۇش ئۈچۈن بارمىغان، ئادەم ئۆلۈپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. ئۇلار بۇرۇن تور سېلىپ، پارتلىتىپ بېلىق تۇتقان-تۇتمىغانلىقىنى ھېچكىممۇ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشۇش، ئۇلارنىڭ قارىشىچە پۈتۈنلەي-تاسادىپىي ھادىسە بولۇپ، تاسادىپىلىقى خۇددى تارىخ بوۋاي ئىمىر-ئۈيقاق چۈشەكەپ، كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇجمەل خاتالىقىغا ئوخشايتتى؛

شۆجىڭگەن بىلەن جۇيتىڭخەيلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندىچۇ؟ بۇ گەپلەردىن بۇرۇن دەريا بويىدا بۇرۇنلا مىلتىق دورىسى ھىدى قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى، دەل شۇ چاغدا، شۇ جايدا، ئۇلار ئەنىدىلا دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا يېقىن جايغا تور سالغان بولۇپ، بىرىسىنىڭ «بېلىق»، «تور» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپلا، ئۇ يەرگە بېرىپ

قاراپ بېقىشى لازىم ئەمەسمۇ؟

شۇنىڭدەك ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، زىيادەتلىرىنى توشۇشقا كەلگەن لۈي تىڭلىڭ قاتارلىقلار شۇنداق جىۋەر بولۇپ كەتكەنىدى، 10- ئاينىڭ 10- كۈنى لۈي تىڭلىڭ قىلچە نۇقسانسىز ئېنىق سۆزلىگەن ئەمەسمۇ؟:

- مەن ئۇلارنى ئۇرغاندا، ئوبدانراق ساۋاق بېرىپ قويۇشنى ئويلىغانىدىم! بېلىقچىلىق مەيدانى يالىدۇۋالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشتلاشچىلار بولۇپ، ئىككى-ئۈچ ئادەم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار تور سېلىپ بېلىق تۇتقانلارنى كۆرسىلا، ئالدى بىلەن قول سېلىپ ئۇرىدۇ، بەكمۇ زومىگەر بولۇپ كەتتى!

مىۋە پىشمىسا، ئۆزلىگىدىن دەرەخ شېخىدىن ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشمەيدۇ.

[20]

لۈي تىڭلىڭ بولسا، شۆجىڭئەن ئۆلگەن كۈنى تۇتۇلۇپ سوراققا تارتىلدى، تۆت كۈندىن كېيىن ئۇنى قولغا ئېلىشنى رەسمىي تەستىقلاپ، 10 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

بەزىلەر باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «بەش كىشى ئىككى كىشىنى ئۇرۇپ، بىرسى ئۆلۈپ، بىرسى يارىدار بولۇپتۇ، نېمە ئۈچۈن بىرنى جازاغا ھۆكۈم قىلىپ، 10 يىللىق كېسىدۇ؟»

بەزىلەر گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

- ئەگەر شۇ جۈي فامىلىلىك ئىككى كىشى ئېغۋاگەرلىك قىلدى، لۈي تىڭلىڭ قاتارلىق كىشىلەر ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنى قوغدىدى دېيىلسە، ئۆزلىرىنىڭ ئادىمى ئازلىقىنى ئېنىق بىلىدۇغۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشماقچى بولغانلار ئەكسىچە قارشى تەرەپ بولۇپ قالدى، ھەمدە قارشى تەرەپتە ئازراقمۇ يارا ئىزى كۆرۈنمەيدۇ؟

بەزىلەر مۇنداق دېيىشتى: لۈي تىڭلىڭ دەسلەپ قول تەۋرەتمىگەن، ئوتتۇرىلىقتا ئۇرۇشقاندىمۇ قاتتىق ئۇرمىغان، كېيىن بەزىلەر شۆجىڭئەن بىلەن جۈيمىڭخەينى «دەرياغا تاشلىۋېتەيلى» دېگەندە، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ توسمىغان، بۇلار جۈيمىڭخەينىڭ شۇ چاغدىكى ھەم قىلغانلىرى ۋە كېيىنرەك ئەسلىگەنلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش كېلىدۇ.

[21]

ھارپا كېچىسى پىلان ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، رەھمەت ئېيتىش يىغىنىغا قاتنىشالماسلىقتىن تارتىپ «5- ئۆكتەبىر» ۋەقەسىگىچە قارىتا «ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدىن ئىبارەت» دەيدىغان قارارنى چىقىرىشتا، تاغ ئارىسىدىكى بۇ كىچىك ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك مەركىزىدىكى رەھبىرى يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە لېكىن مەسىلە زادى نەدە؟ بيۇروكراتلىقمۇ؟

ياق، بۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولمايدۇ. 85 - يىلى 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «لياۋنىڭ گېزىتى» بىرىنچى بەتتە خىلىڭرىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى «ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، قۇرۇق سۆز قىلماي، بىرىنچى يىل ئىچىدە بەش قېتىم ئاساسقاتلامغا چۈشۈپ بەش پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى»، «ناھىيىلىك پارتكومدىكى بىر بەن ئادەم ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بەس - بەس بىلەن ئاساسقاتلامغا چۈشمەكتە...» - دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ جوي لەننىڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى، پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن يېزىلغان.

«5 - ئۆكتەبىر» ۋاقىئەسىدىن بۇرۇن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ھەمرا بولۇپ باققاندىن باشقا، ئۇلار لىۋجياگۇ يېزىسى بىلەن خۇيلۇڭ سۇ ئامبىرىغا ئالاھىدە كېلىپ باقمىغان. لېكىن مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۇلارغا باھا بەرسەك بۇ ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئەگەر ھەممىلا ئىشنى ئۆزلىرى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھەر بىر ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى، بىر يەن ئەمەس، بەلكى بىرروتا قىلىپ تۈزگەندىمۇ، ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان بولاتتى.

قابىلىيەتسىزلىكتىنمۇ؟

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى يېرىم يىل ئىچىدە ئۆزى قول سېلىپ ئارقا - ئارقىدىن بەش پارچە 20 مىڭ خەتلىك خېلى سالمىقى بار، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە خىزمەت تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىققانىدى. ناھىيە بويىچە خىزمەتلەردە ياخشى باشلىنىش بارلىققا كەلدى، يېزا - ئىگىلىكىنىڭ ۋەزىيىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ياخشى بولدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بۇلتۇرقى شۇ مەزگىلدىكىدىن 115% ئاشتى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش نەتىجىلىرى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى،

پارىخور - خىيانەتچىلىكتىنمۇ؟

راس، لۇي تىڭلىگىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىگە كىرىپ قالغىنى -- ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ پۇل - مالغا ھېرىسمەنلىكى پارتىيە ۋە خەلققە بولغان مۇھەببىتىدىن ئېشىپ كەتكەن خىيانەتچى ئەمەلدار، پارا ئېلىپ، قانۇنسىز كەسىپچى ئائىلىلەرنى قانات ئاستىغا ئالغان. ئەگەر جوي لەننىڭمۇ مۇشۇنداق قىلغان بولسىدى، بۇ ئىسلاھات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يانچۇقىنى توشقۇزۇۋالغان خىيانەتچى ئەمەلدار قولىدىكى ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ

يول قويغان بولاتتى. ئەگەر سەنشەننىڭ يۈكچىڭ ۋە لىن فىڭلاردىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشتىن بۇرۇنقى بەنزىلىرىگە ئۇچراپ قالغان بولسا، جۇ ي لەنفاڭمۇ بەلكىم بۇرۇنلا پارتلاش خاراكتېرىدە باي بولغان ئائىلىگە ئايلىنىپ پارتلىغىچە «زىندانغىلا» كەتكەن بولاتتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى: لياۋدۇڭ تاغلىرى ئارىسىدىكى بۇ كىچىك ناھىيە-يىنىڭ رەھبىرى كادىرلىرىنى، مۇشۇ چاققىچە بولغان تارىخ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساپ - پاكىزە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلاردا، كىشىنى سېغىندۇرىدىغان 50 - يىللار ئىستىلىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىر قەدەر كۆڭۈل بۆلىدىغان «كىيىم - كېچەك يېمەك، تۇرار - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش» تىكى «تۇرار - جاي»نى مىسال قىلايلى. 86 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «لياۋنىڭ گېزىتى»نىڭ «ھاكىم ئاددىي ئۆي-دە ئولتۇرۇۋاتىدۇ، پۇخرا ئىگىز بىناغا كۆچۈپ كىردى» دېگەن باشماقالىسىدا: «مۇخبىر خىلىڭ رىن ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى XXX نىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەيران قالدى. بىز ئۈچ كىشى قىستىلىشىپ ياتاق ئۆيىنىڭ سۇپىسىدا ئولتۇردۇق، پۇتۇن-مىزنى ئازراق ئۇزاتساقلا بوسۇغىغا پۇتىمىز تېگىپ قالىدىغاندەكلا ئىدى،» ئۇ «1982 - يىللا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى بولغان ئىدى. تۆت جان ئا-دەم 20 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئۆيدە ئولتۇرغىلى، دەل بەش يىل بولغان»، «52 ياشلىق XXX، 1981 - يىلىدىن باشلاپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى، قىزى، كۈيئوغلى، نەۋرىسى بولۇپ 20 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە ئولتۇرىدۇ». «ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دا-ئىمىي ھەيئىتى، مۇئاۋىن ھاكىم XX تۆت جان ئادەم ئەسلىدىكى بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرىدۇ. كېيىن بىر كىچىك قازناق سېلىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئومۇمىي ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى، ئاران يىگىرمە نەچچە كۋادرات مېتىرلا كېلىدۇ.» دېيىلدى. نا-ھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى ۋە ئۇنىڭ بىر بەن ئادىمى يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى قېتىم ئۆلكە گېزىتىنىڭ باشماقالىسىغا چىقتى. بۇنى شۇ چاغدىكى «لياۋنىڭدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئىش» دېگىلى بولماسمۇ؟

بۇ «خانلاردىن پىنھان» تاغ ئارىسىدا، ناھىيە رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كەڭرەك، ئازادەرەك قىلىمەن دېسە ئاسانلا ئىش ئەمەسمۇ؟

پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنلىرىنى چۈشەنمىدۇ، قارشىلىق قىلامدۇ؟

تېز ئۆزگىرىۋاتقان ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ مىڭ - ئونمىڭلىغان ئۇچۇرلىرى

تۈركۈملەپ كېلىۋاتقاندا، رەھبەرلەرنىڭ جۇي لەننىڭ توغرىسىدىكى بىر قاتار پەرەز ۋە ھەرىكەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى لۇشيەن فاكسىيون، سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى كىچىككىنە بىر سەۋەنلىكىدىنلا ئىبارەت، بىراق 85 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ناھىيە بويىچە تۈرلۈك كەسپىي ئائىلىلەر راۋاجلىنىپ 6970 نەچچىگە يەتتى، تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرلەشمە گەۋدىلەر 1780 گە يەتتى. ئوخشاش بىر دەۋردىكى ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئىككى سان سىفىرلار، بىزگە كۆرسىتىپ تۇرغىنى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

ئىنسانلار تەبىئەتنى كۆزەتمەكتە، شۇنداقلا ئۆزىنى كۆزەتمەكتە.

[22]

ئۇنىڭ پارتىيە3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تولۇق كۆرۈش بىلەن بىللە، ئۇ يىگىرمەمىڭ يۈەن چىقىرىپ كەمبەغەللىك دەردىنى تارتىۋاتقان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قەرز تۆلىگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا، كەڭ قورساق، ۋىجدانىغا ۋاپا قىلىدىغان ۋە ئاقكۆڭۈل ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدۇق.

لېكىن، ئۇ ھۆددىگە ئېلىش توختامنامىسىغا يېزىلغان شۇنچە كۆپ «بۇنىڭغا مەسئۇل بولمايمىز» دېگەن سۆزلەرنى كۆرگەندە، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. بەزى ئاتاقتىلا كوممۇنىست دېيىلىدىغان ئادەملەر ئۆزىگە چوغ تارتىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ، ھەتتا يالغان دورا ياساپ سېتىپ، پۇل ئۈچۈن جان بېرىۋاتقان چېغىدا، بۇ خىل گۈزەل ئەخلاقنى ۋە دەريا بويىدىكى ئاممىنىڭ كەڭ قورساقلىق، تۈز كۆڭۈل، كەمتەرلىكىنى زور كۈچ بىلەن ساقلاش، راۋاجلاندۇرۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇش لازىم. بىز ئۇنىڭ كەڭ قورساق، ئاقكۆڭۈللىكىدىن تەسىرلەنگەن ۋاقتىمىزدا، يەنە ئۇنىڭ «نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ بىلەن ئېرىپ كېتىپ» پرىنسىپنى تاشلاپ قويىدىغان، تار ھېسسىياتنى سىياسەت ئورنىغا دەسسىتىدىغان قىلمىشلىرىدىن ئېچىنىشلىق ھېس قىلماي ھەم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماي تۇرالايمىزمۇ؟

ھەر بىر كىشىنىڭ ھەرىكىتى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن تارىخىي مۇھىتنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ، ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىز ئۇ تارىخ ۋە جەمئىيەت ئالدىدا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىسىمۇ بولىدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئۇ، شۇ يېشىل تاغلارنى، سۈزۈك سۇلارنى، سېمىز كەلگەن ياۋا ئۆدەكلەرنى، توختىماي ئۇچۇپ يۈرىدىغان بېلىق ئالغۇچلارنى، قۇشقاچلارنى، «پولتوك - پولتوك» قىلىپ سەكرەپ ئۈزۈپ ئوينايدىغان ھەر خىل بېلىقلارنى چۈشۈدىمۇ دائىم كۆرۈپ تۇراتتى.

ئۇ، ئەشۇلارنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر مۇھەببىتى بارلىقىنى، ئۆز ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ يەردە قالدۇرغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل تۇرۇپ، زۇۋان سۈرمەي قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، قاندەك قىزغىنلىق بىلەن، كۆز ياشلىرىنىڭ ئاچچىق تەممىنى يۇتۇپ سۆزلىشەتتى ...

ئۇ، يەنىلا تەن بەرمەيتتى! ئۇ خۇيلۇك سۇ ئامبىرىغا قايتا كېلىپ، «خۇيلۇك بېلىقچىلىق بىرلەشمە شىركىتى» تەشكىل قىلىپ، شاگىياك ۋە ياخېدىن ئىبارەت ئىككى يېزىدىن 20 نەچچە كىشىنى تەشكىللەپ، شۆبە شىركەتلەرنى قۇرۇش ھەم تۆت نەپەر ئادەمنى يالالاپ سۇ ئامبىرىنى قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇش. بولتۇر يالغۇز ئىشلىگەن بولسا، بۇ يىل دەريا بويىدىكى كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىش باشلاش خىيالىغا كەلدى.

ئادەم مەيلى قانچە ئۈمىدسىز بولسىمۇ، پەقەت ئاخىرقى زەربە يېتىپ كەلمىگەن بولسىلا، ھامان كۈلكىلىك ۋە بىچارە ھالەتتە بولسىمۇ قۇرۇق ئۈمىدتە بولىدۇ.

-- قالتىس جۇمۇ! «جوي ليۇزا» يەنە كەپتۇ ...

كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىگە سۆزلىشەتتى. ئۇ، ئۇزۇل - كېسىل، شەرتسىز تەسلىم بولدى. ھېلىقى «توختامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىلتىماسى» دېگەن نېمە «تەسلىم نامە» نىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ كىم غالىب بولۇپ چىقتى؟ «A» تەرەپمۇ غەلىبە دۈمبىقىنى چالالمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ گېنېراللىرى بولۇپ قالدى. ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلارمۇ قولىغا ھەققانىيەت قىلىچىنى تۇتقان غالىپلاردىن ئەمەس. ھەممىلا يەردە قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان، باشتىن - ئاخىر دۈشمەن دەپ ئاتىلىدىغان بىرەر ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى بولمايدۇ.

كېمىلەر ئاپتوموبىلغا قاچىلانغاندا، كىشىلەر:

-- لاۋلىيۇ، ئامان بولغىن، -- دېيىشكەن بولسىمۇ، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدي.

[23]

1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەنى جوي لەنفاڭ خۇيلۇڭ سۇ ئامبەرسنى ھۆددىگە ئېلىپ، توختامنامىنى جامائەت گوۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى 9 ئاي 7 كۈن بولغان كۈنى A تەرەپنىڭ ۋەكىلى بىلەن بىرلىكتە، يەنە ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ جامائەت گوۋاھلىقى باشقارمىسىنىڭ ئاقا ئىشىكىدىن كىرىشكە مەجبۇر بولدى...

«5 - ئۆكتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار «ئامبارلارنى ئېنىقلايمىز» دەپ، ئۇنىڭدىن ئادەملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇنداق سۆزلەرنىڭ مەناسىنى ئېنىق بىلگەچكە، داۋاملىق ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەشنى خالىمىدى. شۇنداقلا ئىشلىيەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، خوتۇنىمۇ ئاغرىپ قالدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى سۇيىدا، خۇددى دولقۇن سوقۇپ قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن بېلىقلارغا ئوخشاش ياتاتتى. كىشىلىك تۇرمۇشى دېگەن قىيىنچىلىقلار بىلەن ئېلىشىشتىن ئىبارەت. ئۇ مۇشۇنداق ئېلىشىشلارنى ئارزۇ قىلاتتى، مۇشۇ ئېلىشىشلار تۈپەيلى ئارقا - ئارقىدىن كېلىدىغان زەربىلەرنى قوبۇل قىلىشقىمۇ تەييار ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزى مۇشۇنداق بولۇپ، ئۆزىمۇ شۇنداق ياش قورامىدا ئىدى. ئەگەر بارلىق كۆلپەت ۋە توسقۇنلۇقلار پەقەت «پۈتۈن شەھەرنى قاپلاپ كەتكەن» غۇلغۇلا بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، «جوي لىيۇزا» بۇنىڭغا پىسەن قىلمىغان بولاتتى، بىراق ھەممىلا يەردە ھەقىقەتمۇ، كۈچلۈك رىقابەتچىلەر بىلەن دەشنەمگە دۇچ كېلىپ تۇردى. ئۇ، بۇ تاغ ئارىسىدا ئۇزاق ۋاقىت چېپىپ يۈرۈپ بەكمۇ چارچاپ كەتتى. چارچىغاندىمۇ دېھقانلارنىڭ «مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ سۇيىغا چىقتىمدەك بولۇپ قاپتۇ» دەپ چاقچاق قىلىپ ئېيتقانلىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئوڭۇشسىزلىق بىلەك تولا بولۇپ كەتسە، كىشى روھسىزلىنىپ كېتىدۇ، چەكسىز ئېلىشىشلاردىن بەخت توغرىسىدا سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

بىراق توختامنامىچۇ؟ بىر تالمۇ بېلىق ساتماي، بىكاردىن - بىكارلا دىرياغا تۆمەنلەپ پۇل ۋە بىر جاننى تاشلاپ بەردى، قىش كىرگەندىن بۇيان ئاقسىلىق گۆشىمۇ پىششىقلاپ ئىشلىمىدى - بۇنداق قىلىشقا قولىمۇ بارمايتتى! يەنە نەچچە ئاي ئۆتسە، بىرىنچى يىلى تۆلەيدىغان بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۆلەم تۆلەيدىغان گەپ. مانا مۇشۇنداق ھالالىمۇ ئەمەس، ھارامىمۇ ئەمەس بولغان توختامنامىدىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ئەزەلدىنلا يېتەرلىك بولمىغاچقا، تۇزۇك-رەكمۇ گەپ قىلالمايتتى. لېكىن ئۇ زادىلا ئېزىپ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى ۋە تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىدىن يۇغۇرۇلۇپ چىققان چەكچە-يىپ قاراشلىرى، بەكمۇ ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەن يۈرىكى بىلەن پۈتۈن بەدىنىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان مۇسكۇللىرى-غا كۈچ كىرگەندەك ھېس قىلاتتى ...

تارىخ بىزنى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلماقتىكى: ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا چە-قىش يولى تاپالايمىز. ئالدى بىلەن ئۇقۇم جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش: ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، ئەنئەنىۋى كىشەنلەر-دىن قۇتۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلىش كېرەك!

«ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش» تىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە، ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر جاھاننى قاپلاپ كەتتى. ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىن «سىنىپىي كۈرەش» تۈتەكلىرىنى تۈگىتىپ، تارىخ بىزگە يەنە بىر قېتىم تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىۋېلىشىمىزغا پۇرسەت بېرىپ بەرگەن چاغدا، تاغ ئارىسىدا، يەنە مۇنداق بىر تىراگېدىيە يۈز بەردى. بۇ ئىككىسىنى بىر ۋاقىتتا ئېغىزدىن چە-قىرىشقا بولمىغىنىدەك، ھەر ئىككىسىلا يۈز بەرمىسىمۇ بولىدىغان ئەمما، يۈز بې-رىپ بولغان ھېكايىلاردۇر. ئالدىنقىسى ئۆز - ئۆزىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆز - ئۆ-زىنى مەغلۇپ قىلغان. كېيىنكىسى بولسا، كىشىلەر مەيلى ۋاقىتىنچە تونىغان ياكى تونۇمىغان بولسۇن ئۇ، مىسلىسىز ئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قاتتىق رېئاللىق ئالدىدا، كېچىكتۈرمەستىن ئۆزىنى تەكرار مەغلۇپ قىلىپ كەلگەن ھې-لىقى ئەنئەنىۋى ئۆز بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى بىلىۋالدى.

ئۇ مۇنداق ئۇرۇش ئىدى: ھەممىلا يەردە دۈشمەن بولغان، ھەر ۋاقىت جەڭ بولىدىغان، لېكىن سەن بىرەر ھەقىقىي «سىنىپىي دۈشمەن» دەپ ئاتىلىدى-غان ئادەمنى تاپمىغىڭ تەس ئىدى!

ئەمما تارىخ بىزگە تەلىم بېرىدۇكى: كۆرگىلى بولمايدىغان، تۇتقىلى بو-لمايدىغان ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان ئۆز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بەكمۇ تەس!

ئىستىقبال شۇكى: غەلىبە قىلالىساق پۈتۈن مىللەتنىڭ تەنتەنىسى بولىدۇ، مەغلۇپ بولساق، پۈتۈن مىللەت ئۈچۈن تىراگېدىيە بولىدۇ!

(ئاخىرى 78 - بەتتە)

# خىسلەتلىك تاش بالا

(چۆچەك پوۋېست)

مۇھەممەت روزى يارقىن

## زوۋانغا كەلگەن قاشتېشى

بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ يىللار ئىلگىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى دەريا بويىدا بالا-چاقىسىز بىر بېلىقچى بوۋاي بىلەن موماي ياشايتتى. ئۇلارنىڭ بارى-يوقى نەرسىسى ئاتا-ئانىسىدىن مىراس قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئەسكى ئۆي، يالغۇز ئىشەكلىك ھارۋا ۋە بىر كونا قولۋاق ئىدى. بوۋاي ھەر كۈنى دەريا بويىغا بېرىپ، بېلىق ئوۋلايتتى. موماي دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتىن ئوتۇن ئەكىلىپ، بوۋاي كەلگىچە تاماق تەييارلايتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بوۋاي ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. موماي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۆيدە يېگىلى بىر نەرسە قالمىدى. موماي بوۋاينىڭ تاماقسىز قالسا ھالى تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، خۇدادىن بوۋاينىڭ تېزرەك ساقىيىپ دەرياغا بېلىق تۇتۇشقا چىقىشىنى تىلىدى. بوۋاي ئەھۋالنى بىلىپ، مومايىنىڭ توسقۇنىغىمۇ قارىماي ئوۋغا چىقتى. موماي ئۇنى يالغۇز چىقىرىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا ھەمرا بولدى.

دەريا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر خىل ۋەھىمىلىك شاقىرايتتى، يىراقتىن قارامتۇل كۆرۈنىۋاتقان تاغلار كۆكتىكى قارا بۇلۇتلار بىلەن قوشۇلۇپ دەريا بويىغا سۈرلۈك تۈس بەرگەن ئىدى.

ئەر-خوتۇن ئىككىسى قولۋاقنى دەرياغا سالدى. قولۋاق دەريانىڭ دولقۇنىدا گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەيتتى. ئۇلار تور تاشلىدى، ئەپسۇسكى ھېچ نەرسە چىقمىدى. ئۇلار دەريانىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ تور تاشلىدى، لېكىن يەنىلا ھېچ نەرسە چىقمىدى. بوۋاي كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا ئۈچىنچى قېتىم تور تاشلىۋىدى. تورغا ناھايىتى ئېغىر بىر نەرسە ئىلىندى. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرى چاقناپ كەتتى. ئۇلار ناھايىتىمۇ تەسلىكتە تورنى تارتىۋىدى بېلىق ئەمەس بىر تاش چىقتى. تاش تولىمۇ سۈزۈك بولۇپ كۆككۈش ۋە سىلىق ئىدى. بوۋاي تاشقا قاراپ بىر ھازا ھەيران بولدى-دە، بىردىن

خۇشاللاندى.

— خۇدا بەردى، خۇدا بەردى.

— نېمە دەۋاتىدىلا، - دېدى موماي ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى چۈشەنمەي، - ئۇنى يېگىلى بولمايدۇ، بۇ تاش، بىلمىۋاتامدىلا.

— بىلىۋاتىمەن، بىلىۋاتىمەن، - دېدى بوۋاي ھاياجانلىنىپ، - لېكىن بۇ قانداق تاش، بىلەمسەن؟!

موماي بېشىنى چايقىدى.

— بۇ، بۇ، قاشتېشى، بۇ ناھايىتى قىممەتلىك تاش،

— ئۇنداق بولسا ...، - دېدى موماي ئالدىراپ، - ئۆيدە يېگىلى ھېچنېمە يوق، سىلى بۇنى بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكەلسىلە.

بوۋاي جىم بولۇپ ئويلانغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىدىلا، - سورىدى موماي تەققەززالىنىپ.

بوۋاي بېشىنى ئاستا چايقىدى.

— ياق، بىزنىڭ ئاتا كەسپىمىز بېلىقچىلىق، بىز يەنىلا بېلىق تۇتقىنىمىز تۈزۈك.

— ئۇنداق بولسا، بۇنىچۇ؟ — موماي تاشنى كۆرسەتتى، — بۇنى قانداق قىلىمىز؟

بوۋاي يەنە بىر مەھەل ئويلىنىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى، - دە:

— بۇنى دەرياغا، ئۆز جايىغا تاشلاپ قويايلى، - دېدى.

توساتتىن بوۋاينىڭ قولىدىكى تاش ئۆزلىكىدىن مىدىراپ كەتتى. بوۋاي بىلەن موماي ھەيران بولۇپ تۇرۇشقا تاشتىن زۇۋان كەلدى.

— بوۋا، مېنى تاشلىماڭ، مەن سىلەر بىلەن بىللە ياشاشنى خالايمەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سۇ ئاستىدا كېرەكسىز بولۇپ ياتتىم. مېنى بالا قىلىۋېلىڭ. مەن سىلەرگە ھېچ زىيان سالمايمەن.

بوۋاي بىلەن موماينىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— توۋۋا، خۇدايىم، — دېدى بوۋاي ياقىسىنى تۇتۇپ، — بۇ نېمە كارامەت، تاشتىن زۇۋان كەلدى دېگەن قانداق گەپ.

موماي ئېسىنى يوقىتىپ قويغىدەك ھالدا دۇرۇت ئوقۇپ:

— ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ئۆزەڭ ھەممىگە قادىر، گۇناھ - كەبىرلىرىمىز بولسا ئۆزەڭ كەچۈرگەيسەن، - دېدى ئىككى ئالقىنىنى يۈزىگە تۇتۇپ.

ئارىدا خېلى بىر ھازاغىچە جىملىق ھۆكۈم سۈردى. دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شاقىرىشىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئاڭلانمايتتى.

بوۋاي ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىر تاشنى ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەلدى ...

موماي بىلەن بوۋاي كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. موماي توختىماي دۇرۇت ئوقۇيتتى. بوۋاي بولسا: «خۇدا ماڭا بەرگەن بۇ تاش بەندىنى مۇشۇنداق پېتى بالا قىلسام كۆرگەن - بىلگەنلەر نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ نە پۇتى، نە قولى، نە كۆز - قۇ-

لىقى يوق، قانداق قىلسام بولار» دەپ ئويلايتتى.

تاڭ ئېتىشقا يېقىن بوۋاينىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەلدى. ئۇ تاشنى شەھەرگە ئاپىرىپ ھەيكەلتاراش ئۇستىلارغا بالا ياساتماقچى بولدى ...

X X X

قاش قارايغان چاغ ئىدى. يىراقتىن شەھەر سېپىلى غۇۋا كۆرۈنەتتى. قاياقتىندۇ ئاڭلىنىۋاتقان مۇڭلۇق دېھقان ناخشىسىغا دەريانىڭ يېنىك شاۋقۇنى تەڭكەش بولماقتا ئىدى.

دەريا بويىدىكى يالغۇز يولدا بوۋاي ھارۋىسىنى ھايداپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر دەم كىچىككىنە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەتتىگەندىن بېرى ھارۋا تارتىپ ھالسىزلانغان ئېشىكىنى تېز مېڭىشقا قىستىدى، ئېشەك ئۆز ئىگىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىۋاتقان «خىت - خىت»لىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەدىمىنى بىر ئاز تېزلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانچە ماڭمايلا يەنە ئۆز ھالىغا قايتتى.

بوۋاي تىتىلداپ ئېشەككە بىر قامچا سالدى. ئېشەك گويا رازى بولمىغاندەك ئارقىغا بىر قاراپ قويۇپلا چاپتى. ئات-ئۇلاق، ھارۋىلار تولا مېڭىپ، يامغۇر پاتقاق قىلىپ، ئاپتاپ قۇرۇتۇپ، ئويمان-دۆڭ قىلىۋەتكەن يولدا ھارۋا ئىختىيارسىز سەكرەشكە باشلىدى. بوۋاي سىلكىنىپ، بېقىنلىرى ئاغرىپ كەتتى - دە، ھارۋىدىن چۈشۈۋالدى. لېكىن ھارۋا توختىمىدى. ھەزەپلەنگەن ئېشەك ھارۋىنى سۆرەپ كەتتى. بىر چاغدا ھارۋىدىكى ئۈستى يېپىقلىق تاشمۇ سىيرىلىپ چۈشۈپ قالدى. ئېشەك يولدىن چىقىپ دەريا بويىدىكى كىچىككىنە چۆپلۈككە بېرىپ توختىدى ۋە بىخىرامان چۆپ يېيىشكە باشلىدى.

بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ھارۋىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھارۋىنى يولغا سالماقچى بولۇپ، ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىۋىدى ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى تاشقا يېپىلغان يېپىنچا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ يۈرىكى «جىغ»لا قىلىپ قالدى - دە، بېرىپ قارىۋىدى تاش يوق. بوۋاي تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇ ھارۋىنى تاشلاپ كەينىگە يۈگۈردى .....

يىراقتىن كۆكۈش بىر خىل نۇر كۆرۈندى، بوۋاي نۇرنىڭ قېشىغا كېلىشىگە يەنە تاشتىن زۇۋان كەلدى.

— بوۋا، مېنى تاشلىۋەتمەڭ، مەن ماڭالمايمەن، ئۆزىڭىز بىللە ئېلىپ يۈرۈڭ.

— ياق بالام، - دېدى بوۋاي تاشنى تەستە قولىغا ئېلىپ، - سېنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، مەن سېنى ماڭالايدىغان بالا قىلىپ ياساتمىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

تاش خوشاللىنىپ كۈلۈۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، مېنى چاپسانراق ئېلىپ بېرىڭ. مەن ماڭالايدىغان بولغاندا سىزگە ياردەملىشىمەن.

— بالام، — دېدى بوۋاي ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سېنى بالا قىلىپ ياساپ بولغىچىلىك ھېچكىمگە گەپ قىلمىغىن.

— نېمە ئۈچۈن گەپ قىلمايمەن بوۋا؟!

— سورىدى تاش ھەيران بولۇپ.

— يامان ئادەملەر ئۇقۇپ قالسا سېنى مەندىن ئايرىۋېتىدۇ. تاش جىم بولۇپ قالدى. بوۋاي ئۇنى كۆتىرىپ ئەمدىلا مىڭىشىغا يىراقتىن توپا - توزاڭ كۆتىرىپ بىر ئات چېپىپ كەلدى. ئاتنىڭ ئۈستىدە بېشىدا قاما تۇماق، ئۇچىسىغا ئالا - چىپار تون كىيىپ بېلىنى شايى پوتىدا باغلىغان، پۈتىدىكى ئۆتۈكلىرى ۋالىداپ تۇرغان بىر ھەيۋەت، سېرىق كۆز، شاپ بۇرۇت بىرسى ئولتۇراتتى. ئۇ يىراقتىنلا تاشتىن يالتىراپ چىقىۋاتقان كۆكۈش نۇرنى كۆرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئېتىنى بولۇشىغا قويىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تارتىۋېدى، ئات بوينىنىڭ قايرىلىپ كەتكىنىگىمۇ قارىماي خېلى بىر يەرگىچە چېپىپ باردى - دە، ھەيۋەت بىلەن كىشنەپ ئۆرەڭدەپ توختىدى. سېرىق كۆز ئېتىنى دىۋىتىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بوۋاينىڭ قولىدىكى تاشقا بىر ھازا تىكىلدى - دە، بىردىن ھاياجانلىنىپ ئىختىيارسىز «قاشتېشى» دەۋەتتى ۋە دەرھال نېمىتى بۇزۇلدى.

— سەن بۇنى نەدىن ئوغۇرلىدىڭ؟ — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن بوۋايغا ھەيۋە قىلىپ.

— يوخسۇ تەخسىر، — دېدى بوۋاي بىچارىلىنىپ، — بۇ ئۆزەمنىڭ.

— نېمە؟ ئۆزەمنىڭ؟! يالغان گەپ قىلما. سەن بۇنى ئوغۇرلىغان.

— ھېچقاچان، بۇ ئۆزەمنىڭ

— كاززاپلىق قىلما، بۇنداق يوغان قاشتېشى قانداق قىلىپ سېنىڭ بولىدۇ؟

بوۋاي ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولىۋېدى، سېرىق كۆز ئۇنىڭ سۆزىگە قىلچە پەرۋا قىلماي ئىڭىشىپلا تاشنى بوۋاينىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. بوۋاي جىددىلىشىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى. سېرىق كۆز، بوۋاينىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر تەپتى - دە، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كېتىپ قالدى. بوۋاي مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ يەردە دۈمىلاپ كەتتى. ئۇ يەرنى تاتىلىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى، سېرىق كۆز شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ھايال ئۆتمەي شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يوغان تۆمۈر ئىشىكلىرى جاراڭلاپ تاقالدى. بوۋاي ھەسرەت ئىچىدە تولغاندى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تامچىلاپ، ئاپپاق ساقاللىرىدىن سىرغىپ يەرگە چۈشتى...

## قاشتېشىنىڭ سودىسى

شەھەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. ھەيۋەتلىك گۈمبەزلىك ئۆي - ئىمارەتلەر، ئېگىز مۇنارلار كۆككە تاقىشىپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ سېپىللىرىدا ئاي پالتىلىق، قىلىچ - قالقانلىق لەشكەرلەر ئايلىنىپ

يۇرەتتى. كوچا رەستىلەردە كاۋاپچىلار، دۇغاپچىلار، باققاللار، ئاشپەزلەر ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ خېرىدارلارنى چاقىراتتى. تۆنىكىچىلەر، تۆمۈرچىلەر، ياغاچچىلار «تاراق - تۇرۇق»، «غارت - غۇرت» قىلىشىپ كوچا چوقان - سۈرەنلىرىگە تەڭكەش بولاتتى. ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدىكى كىچىككىنە مەيدانلاردا مەدداھلار قولاقلىرىنى تۇتۇشۇپ بوغۇلغان ئاۋازىنى بارىچە قويۇپ بېرىپ جەڭنامە سۆزلىشەتتى.

توساتتىن كوچىدىكى كىشىلەر ھەيكەلتاراج مۇسابايىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

—ئۇ يەردە نېمە ئىش بوپتۇ؟ — كىشىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ كېتىۋاتقاچ سورىشاتتى.

—ھوي، ھېلىقى سىڭا كۆز ھازازۇل ھاپىزباي تۇرامدۇ نېمە؟

— سالاچى قادىر موللاقمۇ تۇرىدىغۇ؟ چوڭ سودا بولىۋاتامدۇ - قانداق؟

—ئاۋۇ دۈمبىسىگە ئاق كۆك بىر نېمە كۆتۈرۈۋالغان ۋەلى ھامالغۇ؟

كىشىلەر توپ ئىچىگە بىر ئاز بوشاۋۇق بولسىلا قىستىلىشىپ كىرىشىۋالاتتى ۋە ئالدىغا ئۆتمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى، كىچىك باللار كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا بېلىقتەك زۇر تىداپ ئالدىغا ئۆتىشىۋالاتتى...

—موساۋاي، ساڭا رەھمەت كېلىپ، بۇ قاشتېشىنى ئالايتەن تاغدىن ئېلىپ كەلدىم، - دېدى بېسىڭا كۆز قاما تۇمىقىنى قاماچىسى بىلەن كۆتىرىپ قويۇپ.

موساۋاي چا ساقاللىرىنى بارماقلىرى بىلەن بىر تارىشىۋېتىپ، ئۇرىدەك چوڭقۇر كۆزلىرىنى ۋەلى ھامالنىڭ دۈمبىسىدىكى تاشقا تىكتى.

— مالغۇ بەلەنكەن، نەچچىگە ساتالا؟

سىڭا كۆز شاپ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ تۇرۇپ ئاغزىنى يۇغان ئاچتى.

— تۆت تىللا بېرىلا.

موساۋاي باشلىرىنى بىلىنە - بىلىنمەس چايقاپ:

— بىر تىللاغا بەرسىلە ئالاي، - دېدى.

— كەم بولا.

باياتىن بېرى دەل مۇشۇ سۆزلەرگە جېنى تاقىلداپ تۇرغان سالاچى قادىر موللاقنىڭ چۈپۈر قاشلىرى ئاستىدىكى يۇغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— تولا كەمسۇندۇرمىسىلا، ھاپىزباينىڭ سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا مال ساتقىلى كەلگىنىمۇ مۇشۇ.

ئۇ موساۋاينىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىنى تارتىپ قولىنى يەڭنىڭ ئىچىگە تىقتى.

— يوغىسۇ موللاقاخۇن، - دېدى موساۋاي بېشىنى تولغاپ.

— ھە دېسىلە.

— قۇربىم يەتمەيدۇ.

قادىر موللاق موساۋاينىڭ يېڭى ئىچىدە بارماقلىرىنى يەنە ئوينايتتى، موساۋاي ئوخشاشلا ئۇنىمىدى. بۇ ئىش خېلى بىر ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. بىر چاغدا موساۋاي:

— قېنى، ھاپىزباي قېمە دەيدىكىن؟ - دېدى.

قادىر موللاق ئۆرۈلۈپ ھاپىزبايغا قا-

رىدى - دە، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىگىـا قولىنى تىقتى.

- كەم بولا، - دېدى هـاپىزباي سىڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىۋەرەك.

قادىر موللاق خېلى بىر هـازا هەپىلەشتى. بىر چاغدا غەزەپ بىلەن هاپىزبايغا تىكىلىپ قارىۋەتتى.

- نائىنساپلىق قىلمىسىلا، ئىككى تىللاغا بەرمەمسىلە بۇ سودىدىن خۇدامۇ رازى بولمايدۇ!

تۇساتتىن كوچىنىڭ بېشى ئـۇيۇر - دويۇر بولۇپ كەتتى. بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەر كىشىلەر تـوپىنى يېرىپ، دەل موساۋاينىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى جامائەتكە خىتاب قىلدى.

— موساۋاي دېگەن قايسىڭ؟

- خوش تەخسىر، مانا مەن، - موساۋاي قول قوشتۇرۇپ ئالدىغا چىقتى.

- هايال بولماي شاھ ئوردىسى ئالدىدا هازىر بول. ئۇلۇغ شاهىمىزدىن پەرمان بار.

— نېمە؟ مېنى دەۋاتاملا؟ - موساۋاي هەيران بولۇپ قايتا سورىدى ۋە ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئەتراپىغا قارىدى.

- هە سېنى دەۋاتىمەن.

يىغىلغان جامائەتچىلىك ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتىرىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى موساۋايغا بىرەر ئاپەت كېلىدىغان بولدى دېيىشسە، بەزىلەر: «كەم بىلىدۇ، ئادەم كۆرمىگەن يەردە ئېغىر گۇنالىق ئىش قىلىپ پادىشاھنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرگەندۇ» - دېيىشەتتى.

موساۋاي بىر هازا قورقۇپ قېتىپ قالدى. سىڭا كۆز تاشنى بېتىۋالالمايدىغانلىقىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. قادىر موللاق ئارىدىن ئازراق بىر نەمە ئۇندۇرەلمەيدىغانلىقىدىن ھەسرەت چـەكتـى. ۋەلى هامـال بـەللىرى يادەك ئېگىلىپ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ غىڭىرىغىنىچە سۆزلىدى:

- ۋاقتىدا بىر نېمە دېيىشسىلە، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

ئۇ ئازراق قىمىرلىۋىدى سەنتۇرۇلۇپ كەتتى - دە دومبىسىدىكى تېشى پەسكە سىيرىلدى. هاپىزباينىڭ كـۆزلىرى ئالاق - جالاق بـولۇپ، ئاغزى كامادەك ئېچىلىپ، تاشنى تۇتىۋالدى.

- بوپتۇ موساۋاي، - دېدى باي بـوينىنى غازدەك قايرىپ موساۋايغا قاراپ، - ئىككى تىللا بولسا بولا، سىلىگە ساتتىم.

موساۋاينىڭ كـۆڭلى تىنچلانمىغان ئىدى. ئۇ خېلىغىچە ئـويلىنىپ قالدى. ئاخىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن بـۇ سودىنى قىلماقچى بولدى - دە ئويلىغىنىنى ئېيتتى.

- قاملاشمىغان ئىش قىلمىسىلا، دېدى قادىر موللاق ئالدىراپ، - ئاۋۋال سودا تۈگىسۇن. ئاندىن بارسىلا. ئۆزلىرى ئىككى تىللاغا ماقۇل بولغان ئەمەسمىدىلە.

ئەتراپتا يەنە سالا - سۇلا قىلغۇچىلار پەيدا بولدى. باي زورلاشتى، ۋەلى هامال زارلاشتى، قادىر موللاق ئالدىرىتىشقا باشلىدى. موساۋاي كۆڭلىدە: «ئالسام ئالاي، مۇبادا پادىشاھ

ھوزۇرىدىن ئامان قايتسام ئىشلىتەرمەن» دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنچىقماستىنلا يېنىدىن ئىككى تىللا چىقىرىپ ھاپىز بايغا بەردى. ھاپىزباينىڭ ئاغزىلىرى يالاقتەك بولۇپ تىللانى قوينىغا سالدى. قادىر موللاقمۇ قۇرۇق قالمىدى. مۇساۋاي يېنىدىن ئۇششاق تىيىنلاردىن بىر مۇنچە چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ۋەلى ھامال تاشنى مۇساۋاينىڭ دۇكىنىغا ئەكىرىپ قويدى. مۇساۋاي دۇكىنىنى تاقاپ يۈرۈپ كەتتى...

X X X

پادىشاھنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردىسى ئالدىدا بىر مۇنچە كىشىلەر توپلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆمۈرچى، بەزىلىرى ياغاچچى، بەزىلىرى خالۋاپ، بەزىلىرى باپكا، بەزىلىرى زەگا ۋە بەزىلىرى نەقاشچى ئىدى. موساۋاي بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھونەرۋەنلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىرئاز خاتىرجەم بولدى. ھايال ئۆتمەي ئوردا دەرۋازىسى ئېچىلىپ، سەپراس نەۋكەرلەر ئوتتۇرىسىدىن يوغان سېرىق سەللىلىك، مەيدىلىرىدە ئۇنچىلەر ۋال - ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇرغان ئوردا ۋەزىرى چىقىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئىگىلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

- ئى، قۇلى گول ئاۋام، - دەپ سۆز باشلىدى ۋەزىر ئېھتىرام ۋە ئىپتىخار بىلەن، - سىلەر ئۇلۇغ دىيارىمىزنىڭ شان - شەۋكىتى ئۈچۈن شاھ ئالىلىرىنىڭ ھوزۇرىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. جاھانغا ئايان، شەۋكەتلىك شاھىمىز ئىلىم - مەرىپەت، ھونەر - سەنئەتنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدۇ. ئىلىم - مەرىپەتچىلەر ۋە سىلەرگە ئوخشاش قۇلى گول ئۇستىكارلارغا چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىدۇ. يېقىندا ئۇلۇغ شاھىمىز باشقا ئەللەر بىلەن ئىلىم - ھىكمەت ۋە ھونەردە بەسلىشمەكچى. ھەر قايسىڭلارنىڭ ئۆز - ھۈنىرىڭلارنى نامايان قىلىپ، شاھىمىز ئالدىغا كەلگەيسىلەر. ئۇلۇغ شاھىمىز سىلەرنىڭ ئەمگىكىڭلارغا يۇقىرى ھەق بېرىدۇ.

ۋەزىر سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەن ئوردا ئىچىدىن غەزىنىچى بىلەن قوللىرىدا پەتنۇس تۇتقان ئىككى خىزمەتكار چىقىپ كەلدى. غەزىنىچى پەتنۇستىكى تىللالارنى ھونەرۋەنلەرگە كۆرسىتىپ سۆزلىدى:

- مانا بۇ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ سىلەرگە ئالدىن بەرگەن سوغا - ئېھسانى، سىلەر ئۇلۇغ شاھىمىز ئۈچۈن، دۆلىتىمىزنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن قوبۇل قىلغايسىلەر ...

## تاش بالا

كەچقۇرۇن موساۋاي دۇكىنىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئويلاندى: «شاھ ئۈچۈن نېمىنىڭ ھەيكىلىنى ئويسام ياخشى بولىدىغاندۇ؟ ئىپار كىيىكى قانداق بولار؟ پىلچۇ، بۇغا، بۈركۈت، توشقان، ھە، توغرا! ئاق توشقان. شۇنداق ياسايكى پادىشاھ بىر كۆرۈپلا كۆڭلى چۈشۈپ قالسۇن».

موساۋاي ئۆيدىكى ھەر خىل تاشلارنى كۆرۈپ باقتى. بىراق ھېچ قايسىسى كۆڭلىگە ياقمىدى. ئاخىر ھاپىز بايدىن سېتىۋالغان تاشنى قولىغا ئالدى.

«ياق، - دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، -
بۇ تاش يوغانكەن، سىر توشقان ئۇچۇن
ئىسراپ قىلىۋەتمەي، مەخلۇقلارنى ياسى-
غىچە ئۇلۇغ ئىنسانلارنى ياسايمىكىن يە؟!،
كىمنى ئۇيۇپ ياساي؟ ... پادىشاھنىڭ ئۆ-
زىنى ياسايمۇ - يە؟... »

موساۋاي ئۇزاققىچە سىر پىكىرگە
كېلەلمىدى. بىردىن تاشتىن زۇۋان كەلدى.

-ھەيكالتاراچ بوۋا، ئۆتۈنۈپ قالاي،
مېنى بالا قىلىپ ياساڭ.

موساۋاي ناھايىتى قاتتىق چۆچۈپ،
كەينىگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

-سۇبھاناللا، بۇ نېمە كارامەت؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ھازىرلا چانىقىدىن
چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ كەتتى.

- ھەيكەلچى بوۋا، بىز قوقماڭ، مەن
گەپ قىلالايدىغان قاشتېشى، مېنى بالا
قىلىپ ياساپ قويۇڭ. مەن ئادەملەرگە
ئوخشاش مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن.

-ئاللا، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ، - دېدى مو-
ساۋاي كۆزىنى يۇمۇپ مەيدىسىنى ئۇتقى-
نىچە، - خالىساڭ تاش ئەمەس ھەتتا
قۇم - تۇپراق، ئوت - گىياھمۇ سۆزلەيدە-
لەيسەن.

مەن ئەسلى سىزگە گەپ قىلمايتتىم، -
دېدى تاش خۇرسەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، -
مەن سىزنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى
بىلدىم. شۇڭا گەپ قىلدىم.

-خۇدايا تووا-موساۋاي بىرئاز ھو-
شىغا كەلگەندەك بولدى، -تاشلارمۇ يامان
ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن - ھە؟!
بەرھەق، خۇدا ھەممە مۆمىنلىرىنى يا-

مانلاردىن ھەزەر ئەيلەشكە ئۈندەيدۇ ...

موساۋاي يەنە نېمىلەرنىدۇ دەپ پى-
چىرلىدى، كېيىن ئويلۇنۇپ قالدى - دە،
ئويلىغىنىنى ئېيتتى.

- تاش بەندە، سىنى تاش بالا قى-
لىپ ياسىشىڭغۇ ياسارمەن، لېكىن پادىشاھ-
نىڭ ئوردىسىغا ئۆز ھۈنىرىمنى نامايان
قىلىش ئۇچۇن سىنى ئاپارسام قانداق
بولىدۇ؟

- ئاپىرىۋېرىڭ، - دېدى تاش پەرۋا-
سىزلىق بىلەن، - كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزەم
قىلىۋېرىمەن.

-ماڭا بىرەر مالاللىق يەتمەسمۇ؟

-ياق بوۋا سىزگە ھېچقانداق مالال-
لىق يەتكۈزمەيمەن. موساۋاي بېشىنى لىڭ-
شىتتى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تاش-
نى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويدى. ئاندىن
ئۇيۇش پىچىقى ۋە باشقىلارنى قولىغا
ئالدى. تاش يەنە ئۇنىڭغا مۇراجەت قىل-
دى. - ھەيكەلچى بوۋا، مېنى بالا قىلىپ
ياسىغان چېغىڭىزدا ماڭا بىر نەينىمۇ
قوشۇپ ياساپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇڭ.

- بۇ نېمە دېگىنىڭ، ساڭا نەينىڭ نېمە
كېرىكى؟

تاش پىخىلداپ كۈلۈپ جاۋاپ بەردى .

- مەن نەي چېلىشنى بەك ياخ-
شى كۆرىمەن، نەيدىن چىرايلىق ئاھاڭ-
لارنى چىقارغان چېغىمدا تېخىمۇ ئاجايىپ
نۇرلىنالايمەن. بۇ مېنىڭ خىسلىتىم.

موساۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىقى-
نى بىلدۈردى...

ئارىدىن توپ - توغرا ئالتە كۈن ئۆتتى.

موساۋاي تاش بالىنى شۇ قەدەر كۆركەم قىلىپ ياساپ چىقتى ۋە قولىغا نەي تۇتقۇزۇپ ئۇيۇپ چىقتى، ئۇ تاش بالىنى سىلىقلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ھاپىز باي پەيدا بولدى. ئۇ سىنچى كۆزلىرى بىلەن تاش بالىغا لاپ ئېتىپ قارىۋېتىپ، سەت ھېجايدى. موساۋاي ئەنـدىشە بىلەن ئۇنىڭ ھەركەتلىرىگە زەڭ سالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم موساۋاي، ـ دېدى ھاپىز باي.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام باي غوجام يوقىرى ئۆتسىلە ـ دېدى موساۋاي ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋابەن.

— ھە، موساۋاي قاشتېشىنى بالا قىلىپ ئۇيۇپ چىقىپسىلا، قارىسىلا نىمە دېگەن چىرايلىق ـ ھە؟ راستىمنى ئېيتسام تاشنى سېلىنگە ئەرزان سېتىپ قويۇپتىمەن، مەن ئۇنى قايتۇرۋالماقچى بولۇپ كەلدىم.

موساۋاينىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن يېنىپ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

— نېمە دەۋاتىسىلا ھاپىزاخۇن، شۇنچە خالايىقنىڭ ئىچىدە قىلىشقان سودىدىن يېنىۋالسا بۇ ھەق ئىش بولمايدۇ.

— جۇۋىنىسلا موساۋاي، ـ ھاپىزباينىڭ دوردايغان كالپۇكلىرى پۇرلەشتى، ـ سىلى بىلەملا، سىلى كېتىپ ھېلىقى قادىر موللاق مىنى جىق ئاۋارە قىلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇنچە سالا ھەقـقى بەردىم. ۋەلى ھامالغا بىر مۇنچە پۇل كەتتى. قـاراپ تۇرۇپ زىيان تارتسام، سىلى پايدا ئالسىلا خۇدامۇ رازى بولمايدۇ تولا گەپ قىلماي تاشنى قايتۇرۇپ بەرسىلە.

مۇساۋاينىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئاچچىقىنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

— ھاپىزاخۇن، سىلىنىڭ، سالا ھەقـقى بېرىشلىرىگە ئادەم تۇرماق جىنمۇ ئىشەنمەيدۇ، سىلى مېنى كۆپ ئاۋارە قىلمىسىلا، كۆرۈپ تۇرۇپلا، مەن تاشنى بالا قىلىپ ياساپ بولدۇم، مەن ئەندى ئۇنداق تاشنى نەدىن تېپىپ بېرەمەن.

— نەدىن تاپسىلا تاپسىلا، ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق، ئىشقىلىپ تاشنى ئالغىنىم ئالغان. مانا پۇللىرى؛ ھاپىزباي يېنىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ تاراڭگىدە قىلىپ ئىش ئۈستىلىگە تاشلىدى. مۇساۋاي، ھەيران بولۇپ سوردى:

— مەن سىلىگە ئىككى تىللا بەرمەمىدىم؟

— بىر تىللالىرى قادىر موللاق بىلەن ۋەلى ھامالغا كەتتى. شۇلاردىن ئېلىۋالسا.

مۇساۋاي بۇ سىنچى كۆزلۈك ھازازۇلغا تەڭ كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇق تاكاللاشقۇسى كەلمىدى، دە، يېنىدىن بىر تىللا چىقىرىپ:

مانا باي غوجام رازى بولۇپ كەتسىلە، ـ دەپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— يوخسۇ مۇساۋاي، مەن تۆت تىللا دېگەن ئىدىم. — موساۋاينىڭ ئەندى تاقىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ تاش بالىنى بىراقلا ئۇرۇپ چېقىۋېتىپ، قازاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. بىراق تاش بالىنىڭ ئۆتۈنۈشى ئېسىگـە كەلدى ـ دە، ئۆـ

زىنگە ھاي بەردى.

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ھاپىز باي گوگگۈتتەك سىڭا كۆزىنى مىتمۇ قىلماي موساۋايغا تىكتى، ئۇنىڭ ئەپتىدىن يول قويۇشنىڭ قىلچەمۇ ئەسىرى كۆرۈنمەيتتى. موساۋاي چوڭقۇر بىر تىنىپ يېنىدىن يەنە بىر تىللا چىقاردى - دە، تاراڭگىدە قىلىپ يەرگە تاشلىدى. ھاپىز باي ئالمان - تالمان ئېڭىشتى ۋە يەرنى سىلاپ يۈرۈپ تىللانى ئالدى، ئاندىن ئۇستەلگە ئۆزى تاشلاپ قويغان تىللانى ھاپىلا - شاپىلا ئېلىپ سەەت بىر ھىجىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

موساۋاي بىر دەمدىلا ھەممە خاپىلىقنى ئۇنتۇپ، يەنە تاش بالىنى سىلىقلاشقا كىرىشتى...

## ئاجايىپ نۇر

پادىشاھ ئوردىسىنىڭ كەينىدىكى چوڭ سەينا ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. چىرايلىق سۈنئى گۈللەر، ئالتۇندەك ۋالىلداپ تۇرغان راۋاقلار، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈل - چېچەكلەر كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى، ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى پادىشاھ ئالدىدا نامايەن قىلىش ئۈچۈن ياسىغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

بۇرغا چېلىندى، پادىشاھ بىر مۇنچە مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقىپ كەلدى، ھۈنەرۋەنلەر قوللىرىنى قوشتۇرۇپ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى. پادىشاھ سالاپەت بىلەن ئۇستىكارلارنىڭ ئېھتىراممىنى قوبۇل قىلدى. ۋە راۋاققا چىقىپ ئولتۇردى، ئۇستىكارلار ياسىغان نەرسىلىرىنى كۆرسىتىشتى.

پادىشاھ ئاجايىپ ئېسىل زىلچا - گىلەم ۋە پاياندازلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنى جاھاندايۇق گۈزەل بىر باققا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى، خالۋاپلار پادىشاھنىڭ چىرايدىكى مەمنۇنلۇقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. ئارقىدىن تۆمۈرچىلەر، مەزمۇت قالقان، ئۆتكۈر قىلىچ، ئۇمۇت ۋە ئايپالتىلارنى كۆرسەتتى. باپكارلار كۆزلەرنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئالا - بېشىل، جۇلالىق تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەسلەرنى كۆرسەتتى، ياغاچچىلار مۇئالاھىدە سەنئەت بىلەن ياسالغان ھەر خىل بىساتلارنى كۆرسەتتى ....

نۆۋەت مۇساۋايغا كەلدى، ئۇ تاش بالىنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان ئالما ئۈرۈقى دۇخاۋىنى ئالغاندا ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى، پادىشاھمۇ ھاياجىنىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ تاش بالىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سىلاپ كوردى، تاش بالا ھەقىقەتەن ئاجايىپ كۆركەم ياسالغان بولۇپ ئۇنىڭدىن كوكوش نۇر چىلۋىنەتتى. ئۇ گويا نىيىمنى ياكرىتىۋاتقاندەك قىياپەتتە مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

- باركاللا! — دەۋەتتى پادىشاھ خۇشاللىنىپ، — بۇ، تاش بالا - ئۇلۇغ دىيارىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى جاھانغا نامايەن قىلغاي.

ئەتىراپىدىكىلەر ئىگىلىپ تۇرۇپ:

- شاھ ئالىلىرىنىڭ نام - شۆھرىتى ئالەمگە تارالغاي، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئەتىراپىدىكىلەرگە:

– تاش بالا ئۇچۇن ئالاھىدە خانە تۇزۇلۇپ، ئۇ، شۇ خانىغا قويۇلسۇن، - دېدى. پادىشاھنىڭ بۇيرىقىدىن كېيىن تاش بالا ئېلىپ كېتىلدى. غەزىنىچى پادىشاھ نامىدىن ھەممە ھۈنەرۋەنلەرگە تىللا ئىنئام قىلدى. مۇساۋاي باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك تىللاغا ۋە پادىشاھنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى...

× × ×

كەچقۇرۇن پادىشاھ ئۆز خانىسىدا كەيپى چاغ ئولتۇرۇپ ئىككى قىزىقچىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۋاتتى. توساتتىن شۇقەدەر يېقىملىق نەي كويى ئاڭلاندى - دە، پۈتكۈل ئەتىراپنى تەسۋىرلىگۇسىز دەرىجىدە كۆز چاقنىتىدىغان كۆكۈش نۇر يورىتىۋەتتى. پادىشاھ گويا تىلسىماتلىق ئاجايىپ نۇر دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا نەزەر تاشلىدى. بارا - بارا نەي كويى پادىشاھنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇ تاقەت قىلالماي قىزىقچىلارنى چىقىپ كېتىشكە شەرەت قىلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ نەي ياڭراۋاتقان ياققا قەدەم تاشلىدى. ئاسماندا تولۇن ئاي كۈلۈپ تۇراتتى، مەيىن شامال گۈل - گىيالارنىڭ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنى يېنىك يەلپۈيتتى. ئوردىنىڭ ئارقا سەيناسىدىكى سۇنئىي كۆلدە ئوردىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبەز - مۇنارلىرى بىلەن تولۇن ئاي ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ھەممە گۈزەللىك كۆكۈش نۇر ئىلكىدە تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ ئاجايىپ بولۇپ كۆرۈنەتتى.

پادىشاھ پاياندازسېلىنغان يول بىلەن مېڭىپ ئىچكەركى ئوردا ئالدىغا كەلگەندە كۆكۈش نۇر بالقىۋاتقان، تاش بالىنىڭ ئالاھىدە خانىسىغا كۆزى چۈشتى.

– بۇنچە ئالامەت، - دېدى پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، - مەن چۈش كۆرۋاتىمىغاندىمەن.

پادىشاھ ئىچكەركى ئوردا ئىچىگە كىردى. قاراۋۇللار ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا تۇۋرۇكلەرگە، قورالىرىغا تايىنىپ نەي كويىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى. پادىشاھ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇزمىدى. ئۆتۈپ - توغرا تاش بالىنىڭ ئالاھىدە خانىسىغا كىردى. بۇ خانە ئالاھىدە بېزەلگەن بولۇپ، شامدانلاردىكى شاملار ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆكۈش نۇر ئىلكىدە ئۆي ئىچىدىكى بىساتلار شۇ قەدەر چىرايلىق ۋە روشەن كۆرۈنەتتى. خانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاش بالا بېرىلىپ نەي چالماقتا ئىدى. خىسلەتلىك كۆكۈش نۇر دەل ئۇنىڭ بەدىنىدىن چېچىلىۋاتاتتى. پادىشاھ بۇ كارامەتكە تولىمۇ ھەيران بولغىنىچە دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە نەي كويىگە قۇلاق سالدى...

بىر چاغدا نەي كويى بارا - بارا يىراقلاپ يوقاپ كەتتى، پادىشا ئۆزىگە كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ئەتىراپىدا خانىشلار، مەلىكىلەر، شاھزادىلار، بەگزادىلەر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ بېھۇشلانغاندەك مىدىرمۇ قىلمىشماي تۇرغانلىقىنى كۆردى. پادىشاھ بىر نەچچە چاۋاك چېلىۋىدى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، باشلىرىنى سىلكىپ ئۆزىگە كېلىشتى. پادشا تاش بالىنىڭ كارامىتىگە بىر تەرەپتىن قاتتىق

ھەيران بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كىشىلەرگە چەكسىز گۈزەللىك ۋە شېرىنلىق بەخش ئېتكەن تەڭداشسىز خىسلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغىسى كەلدى-دە، قايرىلىپ قارىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟

پادىشاھ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ھېلىلا ئالدىدا كۆكۈش نۇر چېچىپ تۇرغان تاش بالىنىڭ بىردەمدىلا يوقاپ كەتكەنلىكىگە تاڭقالدى. ئەتراپىدىكىلەرمۇ نېمە دېيەرىنى بىلمەي پادىشاھنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. پادىشاھ گويا دۇنيادا ئەڭ ئېسىل بىر نەرسىسى يوقاپ كەتكەندەك ئازابلىنىپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى.

— بىز غەپلەت ئۇيقۇسىدا قالدۇق، ئۇ قېچىپ كەتتى، ئۇنى ئىزدەڭلار، ئۇنى نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىڭلار...

پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ پۈتكۈل ئوردا تەۋرەپ كەتتى، بارلىق ئوردا خادىملىرى ۋە لەشكەرلەر تەرەپ-تەرەپكە چېپىشتى.

**مېنىڭ تىللادىن ئۇنىڭ تىللاغا**

كوچىلار ئىلگىرىكىدەكلا ئاۋات ئىدى. ئاشخانە ۋە چايخانىغا ئوخشاش جامائەت سورۇنلىرىدا كىشىلەر تاش بالا ھەققىدە ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىنى سۆزلىشەتتى. كوچىدىكى باققاللار، دۇغاپچىلار، كاۋاپچىلار، چەرچىن مالچىلار بۇ ئاجايىپ سىرلىق ئىشنىڭ جەريانىنى خېرىدارلارغا سۆزلەپ، تېخىمۇ كۆپ خېرىدارلارنى ئۆز ئەتراپىغا جەلپ قىلاتتى.

بازارنىڭ ھەممە كىشى ئۆتىدىغان دوخمۇشىدىكى چوڭ مىچىتنىڭ ئالدى تىقما-تىقماق ئادەم بولۇپ ئالما پاتقىدەك بوش ئورۇن يوق ئىدى. كىشىلەر تامغا چاپلانغان پادىشاھنىڭ ئېلانىنى ئوقۇشۋاتاتتى. ھاپىزسىڭا كۆز ئېلاننى كۆرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئىتتىرىپ، مۇتەھەممىلىك بىلەن ئالدىغا ئۆتتى، ئېلانغا غايىپ بولغان تاش بالىنى كىم تېپىپ بەرسە مىڭ تىللا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. ھاپىز باي نىڭ سىڭا كۆزى گويا تىللا غەزىنىسىنى كۆرگەندەك چاقناپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچكۆزلۈكتىن شىددەت بىلەن سوقۇشقا باشلىدى.

— ئاھ! خودا، — دېدى ئۇ ياقىسىنى سىقىملاپ، — بۇنداقمۇ كۆپ تىللا قانداق نائەھلىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەر... ياق، پېقىر ئىزدەك تۇرغان يەردە باشقىغا يول يوق. بۇ مېنىڭ تىللا-دە؟! ئېھ، مېنىڭ تىللا، مېنىڭ تىللا،

ئۇنىڭ كالپۇكلىرى قىيسىيىپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى، يۈزلىرىدە ساناقسىز قورۇقلار پەيدا بولدى. ئۆزى بولسا توكۇلۇپ گەۋدىسى بىلەن بېشى بىر بولۇپ قالدى.

— نېمىگە تۇرىمەن، — دېدى ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ، — ئۇنى ۋاقتىدا ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك.

ئۇ تېزلا قەددىنى رۇسلاپ كۆپچۈلۈكنى ئىتتىرىپ توپتىن چىقتى-دە، پېشانىسىدىكى تەرىنى قولى بىلەن سۈرتۈۋې-

تىپ بىر نېمىلەرنى دېگىنىچە بازار ئىچىگە قاراپ يول ئالدى.

— جانابىي باي ئەپەندى نەگە بۇنچە ئالدىراپ ماڭدىڭىز؟

ئۇنىڭ يولىنى بويى ئىگىز، بېشىغا ئىگىز شىلەپە كەيگەن، كىيىنەك گالىستۇك تاقىغان، قويرۇقلۇق پەلتو كىيگەن، مىس ساقاللىق، كۆزلىرى كۆك بىر كىشى تورىدى.

— ئوھ ھوي، رىچارد ئەپەندى.

ھاپىز باي ئۇنى كۆرۈپلا سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى كۆرسەتتى،

— سىزكەنسىزدە، ھى، ھى ... ھى ... بىر ئاز ئىش بىلەن كېتىۋاتىمەن.

— بۇ مېكىشىڭىزدىن قارىغاندا ئادەتتىكى ئىش ئۈچۈن ئەمەستەك كۆرۈنىسىز، ئېھتىمال...

رىچارد ئەپەندى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ ئېلاننى كۆرسۇتۇپ قويدى.

— سىز دانىشمەن ئادەمسىز، - دېدى ھاپىز باي كۈلۈپ، - لېكىن ئۇ ھارىمىنى تېپىش تەس، بولمىسا مىڭ تىللا دېگەن ئاز پۇل ئەمەستە؟!

— ياق، ياق، - دېدى رىچارد ئەپەندى بەدىنى بىلەن بېشىنى تەڭ چايقاپ، ئاۋازىنى سوزۇپ، - مەن سىزنىڭ تاپالماسلىقىڭىزغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيمەن. سىز پۈتكۈل شەھەرنىڭ ھەتتا شەھەر سىرتىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى بەش بارمىقىڭىزنى بىلگەندەك بىلىسىز. سىز تاش بالىنى چوقۇم تاپالايسىز. ئۇنى پادىشاھقا ئاپىرىپ بېرىپ مىڭ تىللا ئىنئام ئالماقچىسىز، شۇنداقمۇ؟ ھى، ھى، ھى ...

— شۇنداق بولسىغۇ ناھايىتى ياخشى بولاتتى، - دېدى ھاپىز باي. رىچارد ئەپەندى ئەتراپىغا بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ بوش ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.

— سىز بەش مىڭ تىللانى مىڭ تىللادىن ئاز دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيدىغانسىز؟

ھاپىز باينىڭ كۆزلىرى يەنە چاقناپ كەتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم چىشلىرىنىڭ سىرىغىنى كۆرسەتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق رىچارد ئەپەندى، لېكىن سىزمۇ ئەرزىمەيدىغان نەرسە ئۈچۈن بەش مىڭ تىللا بەرمەيسىز - دە. مەن بىلىمەن، سىز تاش بالىنى ئاجايىپخانىڭىزنىڭ مۈلكى قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، سىز بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئەبەدى باي بولماقچىسىز، شۇنداقمۇ ... ھى ... ھى ھى ...

رىچارد ئەپەندىمۇ كۈلۈپ قويدى، لېكىن چىرايى سەل جىددىيلەشكەن ئىدى.

— بىز كونا تونۇشلاردىن بولۇپ قالدۇق، - دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، - سىلەرنىڭ مەملىكىتىڭلاردىكى كىشىلەر بىر نەچچە ئايدىن بويان مېنىڭ ئاجايىپخانەمنى قىزىقىش بىلەن كۆردى، سىز ماڭا ياردەملىشىپ، ئاجايىپخانەمنىڭ نەرىپىنى ئارتىپ مېنىڭ قېشىمغا خېلى كۆپ كەلدىڭىز، كىشىلەر سىزگە ئەگىشىپ كېلىپ مېنى زىيارەت قىلدى. مەن سىزنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىڭىزنى ھېچقاچان

ئۇنۇتمايمەن.
— جانابىي رىچارد ئەپەندى، سىز چە-
رايلىق گەپ قىلىشقا ناھايىتى ئۇستىسىز،
نېمىلا دېگىنىڭىز بىلەن تاش بالىنى قول-
غا كەلتۈرمەكچىسىز، لېكىن ئىشىنىڭكى،
بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر پادىشاھ ئۇ-
قۇپ قالسا كاللا كېتىدۇ.
— بولدى، بولدى جانابىي باي ئەپەن-
دى، - رىچارد قوللىرىنى بوش سىلكىپ
قويدى، - مەنمۇ سىزنىڭ گەپدانلىق قى-
لالىشقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، سىز تاش
بالىنىڭ خەۋىرىنى تېپىپ مېنىڭ مېھمان-
خانەمگە بېرىڭ، بەشمىڭنى ئاز كۆرسىڭىز
ئونمىڭ بولار، قانداق دەيسىز ؟!
رىچارد ئەپەندى سۆزىنى توگوتوپ مۇ-
رىسىنى قىسىپ قويدى - دە، كېتىپ قال-
دى، ھاپىز باي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ-
زاقىچە قاراپ تۇرۇپ ئويلىدى: تاش
بالا، ھەي تاش بالا، سېنىڭ باھايىڭ
نىمە دېگەن ئۇستۇن - ھە ؟! مۇبادا ماڭا
يولۇقساڭ ئامەت دېگەن شۇ - دە ...

## دەريا بويىدا

گوگوم چۈشكەن چاغ ئىدى. تىنىچ
ئېقىۋاتقان دەريانىڭ بويىدىكى باراقسان
سۆگەتلەر لەرزان شامالدا بوش شىلدىر-
لايتتى. مەھەللە ياقىتكى مىچىتتىن مۇڭ-
لۇق ئەزان ئاڭلاندى. شەرقتىن تولۇن
ئاي كۆتىرىلدى. دەريانىڭ نېرىقى يېتى-
دىكى مازالارنىڭ گومبەزلىرى دەل - دە-
رەخلەر ئارىسىدىن ئاقىرىپ كۆرىنەتتى.
قىز - جۇۋانلار دەريادىن قاپاقلىرىغا سۇ
ئېلىپ قايتىشىۋاتاتتى. بىردىن يېقىملىق
نەي كويى ياڭراپ سۆگەتلىكتىن كۆكۈش
نۇر چاقناپ كەتتى. نۇر بارا - بارا دەر-
يا بويىدا پەيدا بولدى. قىز - جۇۋانلار
ئورۇنلىرىدا تۇرۇشۇپ قولاق سېلىشتى.
تونۇر باشلىرىدىكى بالىلار قىزىق چۆ-
چەكلىرىنى توختۇتۇشتى، مىچىتنىڭ پەش-
تاقلىرىغا مەزىن - ئىماملار چىقىپ دەر-
يا بويىغا كۆز تاشلىدى. مومايلار، بو-
ۋايلار ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىلارغا ئول-
تۇرۇشتى، ھەممە كىشى سىرلىق نۇر باغ-
رىدىن ياڭراۋاتقان يېقىملىق كويىدىن
ھوزۇرلانماقتا ئىدى. بۇ كوي كىشىلەر
قەلبىنى ئانىجان دەرياغا بولغان چوڭقۇر
مۇھەببەت بىلەن يايراتماقتا ئىدى.
ئېھ، دەريا، سەن ھەقىقەتەنمۇ سۆ-
يۈملۈكسەن ! سەن قانچە يىللاردىن بېرى
خەلقنى ئۆزەڭنىڭ ساخاۋەتلىك سويىڭدە
بېقىپ كەلدىڭ. سېنى خەلق چىن قەل-
بىدىن سويىدۇ.
نەي كويىنىڭ بارا - بارا يوقىلىشىغا
ئەگىشىپ كۆكۈش نۇرمۇ كىشىلەرنىڭ
كۆز ئالدىدىن غايىپ بولدى. ھەممە خەق
ئىختىيارسىز دەريا بويىغا بېرىشىپ سۆ-
يۈملۈك دەريانىڭ تىنىچ ئېقىمىغا قاراش-
تى، ئۇلار، شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى دۆلەتمەن
ۋە بەختىيار ھېس قىلىشماقتا ئىدى...
مەھەللە تەرەپتىن ئات تىۋىشى ئاڭ-
لاندى. ھايال ئۆتمەي ھاپىز باي يېتىپ
كەلدى. ئۇنىڭ ئېتى خېلىلا تەرگە چۆم-
گەن بولۇپ، ناھايىتى كۆپ يول يورگەن-
لىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى.
ھاپىز سىڭا كۆز دەريا بويىدىكىلەرنى

كۆرۈپ دەرھال چۈشەندى. چۈنكى ئۇ بىر ھەپتىدىن بېرى ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، دەريا بويىدىكى بۇنداق ئىشنى بىر نەچچە يەردە كۆرگەن ئىدى. لېكىن دائىم ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەي تاش بالىنى يوقۇتۇپ قوياتتى. ئۇ خىقىرغىنىچە ئۆزىنى ئەيىپلەپ:

— ئاش تۈگىگەندە كېلىپ، تاۋاققا قارايدىغان دۆت، — دەپ تىللىۋەتتى ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كەتتى.

× × ×

دەريا ئۈستىنى تۇتاش قارا بۇلۇت قاپلىغان ئىدى. شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر دەريا سۈيىنى ئۇلغايتىۋەتكەن ئىدى، دەريانىڭ شىددەتلىك ئۆركىشى قىرغاقتىكى كىچىككىنە قولۋاقنى چايقاتتى. ئۈستى - بېشى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن موماي قىرغاقتا قولۋاق بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تاش بالا پەيدا بولدى.

— ئەسسالام موما؛ بۇ يەردە نىمە ئىش بىلەن ئاۋارە بولىۋاتىسىز؟

موماي بېشىنى كۆتىرىپ بالىنى كۆردى ۋە ئالىقىنى بىلەن يۈزىدىكى سۇلارنى سۈرتىۋېتىپ جاۋاپ بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالام، نېمە ئىش بىلەن ئاۋارە بولماقچىتىم، تىرىكچىلىك. دەريا سۈيى ئۇلغۇيۇپ كەتتى. قولۋاقنى ئېلىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنىڭ باغلىقىنى چىڭىتىۋاتىمەن.

— مەنمۇ ياردەملىشەي.

بالا مومايغا ھەمكارلىشىپ قولۋاقنى باغلىشىپ بەردى. موماي ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ سورىدى:

— ئۆزەڭ كىم بولسەن بالام، بۇ يامغۇرلۇق كۈندە بۇ يەرگە ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ياق، موما، سىز مېنى تونىمايۋاتىسىز، مەن ھېلىقى سىلەر دەريادىن سۈزۈۋالغان قاشتېشىدا ياسىغان بالا.

— نېمە داۋاتىسەن بالام، — موماي ھەيران بولدى.

— راس موما، بوۋامنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟

تاش بالىنىڭ سوئالى مومايىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— موما، سىزگە نىمە بولدى، نىمىشكە يىغلايسىز؟

— ئۇنىڭ نېمىسىنى سورايسەن بالام، جۇر ئاۋال ئۆيگە كىر.

موماي تاش بالىنى باشلاپ ئۆيگە ئەكىردى. تاش بالا ئۆيىنىڭ ھەممە ياقلىرىغا كۆز يۈگۈرتىپ چىقتى. موماي چاي قاينىتىشقا تەرەددۇت قىلدى.

— موما، — دېدى تاش بالا تاقەتسىزلىنىپ، — بوۋام قېنى، نەگە كەتتى؟

موماي ئەلەملىك بىر تىنىۋالدى - دە، تاش بالىغا قارىدى.

ئۇ گويا كىچىك بالىلاردەك ئاغزىنى ئۈمچەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە تۆكۈلۈشكە تەييارلانغان لىققىدە ياش پەيدا بولدى.

— ئۇ سىنى بۇلاڭچىغا تارتقۇزۇپ قوي-

غاندىن كېيىن، ئۈيگە ناھايىتى تەسلىكتە قايتىپ كېلىپتۇ، لېكىن مەيدىسى قاتتىق ئاغرىپ ئورنىدىن قوپالمىدى، شۇ ياتقانچە بىر ئاي يېتىپ ئەلەم بىلەن قان يۇتۇپ ئالامدىن ئۆتتى.

تاش بالا بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ گويا ئۇستىنى ھەيۋەتلىك قارا - قۇرۇم تېغى بېسىۋالغاندەك ئازاپلىنىپ كەتتى، ئۇ بوۋاينىڭ مۇلايىم ۋە مېھرىۋان چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز مومايغا ئېسىلدى - دە ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى...

تاش بالا ئەتىسى بوۋاينىڭ قەبرىسىنى يوقلىدى. ئۇ قەبرە ئالدىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— مېھرىۋان ياخشى بوۋا، سىز مەن ئۈچۈن ئالەمدىن ئۆتتىڭىز، مومام يالغۇز قاپتۇ، مەن ئۇنىڭغا بالا بولۇپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىمەن، سىز تىنچ يېتىڭ.

ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن مومايىنىڭ خوشال كۈنلىرى باشلاندى. تاش بالا دەرياغا چىقىپ بېلىق ئوۋلىدى. بەزىدە ئورماندىن ئوتۇن ئەكىلىپ مومايىنىڭ ئېغىرىنى يەڭگىللەتتى. ئاخشاملىرى مومايغا نەي چېلىپ بېرىپ مومايىنى خوش قىلدى. ئۇلار ئەبىدىل - ئەبەت بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسىز دەرىجىدە ئىجىل بولۇپ كەتتى...

لېكىن بۇ خوشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت پەيدا بولدى.

بىر كۈنى بۇ يەرگە سىڭگا كۆز ھاپىز ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. تاش بالا دەرياغا چىقىپ كەتكەن، موماي ئورمانغا كەتكەن ئىدى. ھاپىز باي ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە كۆز تاشلىدى ۋە ئويۇقتىكى نەينى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر ھازا قادالدى - دە، ئاستا بېرىپ نەينى ئالدى. باي نەينى سىلاپ كۆرۈپ ئۇنىڭ ئادەتتىكى نەيلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، قىلىن كالپۇكىنى نەي تۆشىكچىگە توغرىلاپ پۇلدى. ئۇنىڭدىن ئاۋازچىقىش بىلەن تەڭلا كۆكۈش نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خوشاللىقتىن قېپىغا پاتماي قالدى.

— ئاخىر تاپتىم، - دېدى ئۇ نەينى سىقىملاپ، - ئۇنىڭ تىللا دېگەن مانا شۇ...ھا...ھا...ھا...

ئۇ نەينى باغرىغا بېسىپ ئوغۇرلۇقچە سىرتقا كۆز تاشلىدى ۋە بىرەر تىۋىش بارمۇ - يوق دېگەندەك قىلىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىتنىڭ ھارغىن پۇشقۇرىشى بىلەن دەريانىڭ يېنىك شاۋقۇنىدىن باشقا ھېچنەمە ئاڭلانمىدى.

— ئەمدى ھارىمىنى تۇتۇشۇم كېرەك، - دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، - لېكىن ئوچۇقتىن - ئوچۇق تۇتسام باشقىلار بىلىپ قېلىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلسا ئىش چاتاق...

ئۇ ئۇزاق ئويلاندى، ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئىش پۈكۈپ نەينى جايىغا قويۇپ قويدى - دە، دەرھال چىقىپ ئېتىنى مىنىپ چاپتۇرغىنىچە نەگىدۇ غايىپ بولدى...

× × ×

شەھەرنىڭ ئاۋات مەيدانىدا چوڭرىلەرى ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل ئۇلانما رەخلەر بىلەن ئورالغان «ئاجايىپخانە» ئالدىدا تۆۋەندىكى ئېلان كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

> كۆرۈشكە ئالدىراڭلار، كۆرۈشكە ئالدىراڭلار! دۇنيادىكى ئەڭ ئاجايىپ ئادەملەر، يوغانلىقتا تاغدىن چوڭ، ۋەجىككىلىكتە مۇشتىن كىچىك، ئىگىزلىكتە ئەل ئەھرام مۇنارىدىن ئىگىز، پاكارلىقتا پىستىدىن پاكار، كۆرۈشكە ئالدىراڭلار، كۆرۈشكە ئالدىراڭلار!!!

هاپىز باي ئالدىراش ئاجايىپ خانەنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىشىگە قىزىل ساقاللىق، كۆك كۆز بىرسى ئۇنى توردۇالدى.

— مەن رىچارد ئەپەندى بىلەن كۆرىشمەن، - دېدى هاپىز باي تاقەتسىزلىنىپ.

— پۇل بېرىپ كىر، پۇل،

— مەن رىچارد ئەپەندى بىلەن ... سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلار بىلەن كۆرىشمەن مۇھىم ئىش بار، مۇھىم ئىش.

—مەن پۇل ئالىمەن، پۇل.

قىزىل ساقاللىق ئادەم تەرىنى تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلدى.

هاپىز باي ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ كەتتى، ئۇ ئۇياق - بۇياققا ئىككى-ئۈچ قەدەم مېڭىۋېتىپ، بويىنىنى غازدەك سوزدى - دە ئاجايىپخانىنىڭ ئىچىگە قارىدى. بىراق ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى.

ئاخىر ھەسرەت بىلەن يېنىدىن بىر مۇنچە تىيىنلارنى چىقىرىپ قىزىل ساقاللىق كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. قىزىل ساقاللىق كىشى پۇلنى سىناپ يانچۇقىغا تىقتى - دە، كىرىشكە رۇخسەت بەردى.

هاپىز باي ئاجايىپخانىغا كىرىپ رىچارد ئەپەندىنى تاپقىچە بىر مۇنچە تۆمۈر قەپەزلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. تۆمۈر قەپەزلەرنىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە كىشىلەر قەپەزدىكى «ئاجايىپ» كىشىلەرنى كۆرۈۋاتاتتى. يەنە بىر كۆك كۆزلۈك، ئۇزۇن سېرىق چاچلىق بىرسى تاماشىبىنلارغا قەپەزدىكىلەرنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

— مانا بۇ يەتتە بارماقلىق ئادەم،

قەپەزدىكى ئۇرۇق، كەكە ساقاللىق كىشى بارماقلىرىنى كىشىلەرگە كۆرسەتتى. كۆرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەيران بولۇشسا، بەزىلىرى ياقىلىرىنى چىشلەپ تۆۋە قىلىشاتتى.

- مانا بۇ يۇڭلۇق ئادەم.

قەپەزنىڭ رىشاتكىلىرىنى چىڭ سىقىمىنچە چوشەندورگوچىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان پۈتكۈل بەدىنى يۇڭلۇق بىر ئادەم، دەھشەتلىك خىرىراپ قويدى. چوشەندورگوچى ئارقىغا بىر داجىۋېتىپ، ئۇنىڭغا مۇشتۇمىنى كۆرسەتتى ...

هاپىز باي كىشىلەرنى ئىتتىرىپ قەپەزلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ ئارقا تەرەپكە ئۆتكەندە بۇرۇنقى

چۈشكۈرتۈش دورىسى قاچىلانغان كىچىك قۇتىنى توغۇرلاپ چۈشكۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقان رىچارد ئەپەندىنى كۆردى.

- جانابى رىچارد ئەپەندى، — دېدى ھاپىز باي ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ بېرىپ، — سىزنى ئىزدەپ مېھمانخانىغا باردىم، لېكىن ئۆزىڭىز تۇرماق سايىڭىزمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ يەرگە كەلدىم. ئادەملىرىڭىز تولىمۇ بولمۇغۇر نەرسىلەركەن.

— نىمىلەرنى دەۋاتىسىز ھۆرمەتلىك باي ئەپەندى، ئۇچۇقراق...سۆز...سۆز... ھەپچۇش...ھەپچۇش...

رىچارد ئەپەندى سۆزىنى تۈگۈتۈپ بولالمايلا چىرايى تورۇلۇپ كەينى - كەينىدىن چۈشكۈرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تۈكۈرۈكلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇششاق چاچىرانديلىرى ھاپىز باينىڭ يۈزلىرىگىچە چاچىرىدى. ھاپىز باي دەرھال چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بىلەن يۈزىنى سۈرتىۋەتتى - دە، ئاچچىغلىنىپ ئىچىدە نىمىدۇ بىرنىمىلەرنى دەپ غوتۇلداپ تەتۈر قارىۋالدى.

— خوش، سۆزىڭىزنى ئوچۇقراق دەڭ.

رىچارد ئەپەندى قول ياغلىقىنى چىقىرىپ بۇرنىغا ئاپىرىشقا يەنە بىر چۈشكۈرۈۋەتتى، ھاپىز باي بېشىنى قاچۇرۇپ سۆزلىدى:

— خۇدا سىزگە كۆپ بايلىق ئاتا قىلدى، پەقەت چۈشكۈرۈشنىلا ئاتا قىلماپتىكەن، ئىست، پۇلىڭىزنىڭ كۆپ قىسمى بۇ دورا ئۈچۈن كېتمەيدىكەن - دە.

— قارىشىمدا سىز ناھايىتى ئالدى-

راش ئوخشايسىز، ماڭا بىرەر خوش خەۋەر ئەكەلدىڭىزمۇ - قانداق، مەن خوش خەۋەر ئاڭلاشنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن.

— تەلىيىڭىز بار ئىكەن.

ھاپىز باي ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپ، جىددى قىلىپ سۆزلىدى.

— ھېلىقى تاش بالىنى تاپتىم.

— شۇنداقمۇ؟

رىچاردنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ شاتلىقنى بېسىۋالالمىغان ھالدا، ھاپىز باينىڭ دولىسىغا يېنىك مۇشلىدى.

— مەن سىزنىڭ چوقۇم تاپالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار بىلەن ئېيتقاندا، سىز، ئاغرىتمىسا يانتاقنى، كۆيدۈرمىسە دوزاقنى يەيدىغان كىشىلەردىن - دە، ھا...ھا...ھا...

ھاپىز باينىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك تۈس ئالدى.

— ئەلۋەتتە سىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، قاپىقىڭىز جۇتنى قىچقىرىدۇ، كالپۇكىڭىز يەرنى سۈپۈرىدۇ...

رىچارد كۈلكىسىنى توختۇتۇپ، كالپۇكلىرىنى پۇرۇۋىدى يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەر دىڭ بولۇپ كەتتى. ھاپىز باي ئۆز سۆزىدىن مەززە قىلىپ بىر ھازا كۈلىۋالدى.

— چاقچاقنى قويايلى، — دېدى رىچارد ئالدىراپ، — تاش بالىڭىز قېنى؟

— ئۇ يىراق يەردە، سىزگە كۆرسەتكىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىگە مېنى-

ئىزدىدىڭىز؟!

— ئاۋال ئۇنىڭ تىللانى قولۇمغا بېرىسىز.

— مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس، — رىچارد باشلىرىنى چايقاپ يەنە چۈشكۈرۈش دورىسىنى قولىغا ئالدى. - مال قولۇمغا ئۆتمەي تۇرۇپ پۇل بېرىدىغان كىشى مەن ئەمەس.

ھاپىز باي ئۇنىڭ يەنە چۈشكۈرۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى.

— ئۇنداق بولسا يېرىمىنى ھازىر بېرىڭ. تاش بالىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن قالغىنىنى...

— مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس...

— سىز مېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز؟

— ھېچنىمە دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ، مەن دۆلىتىڭلارغا مۇساپىر، بىر بۇلۇڭغا كىرىۋالسىڭىز سىزنى نەدىن تاپىمەن.

- ئۇنچىۋالا ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، مەن بالىنى ئالغىلى سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزنى بىللە ئاپىرىمەن.

رىچارد جىددى ئۆرۈلۈپ ھاپىز بايغا قارىدى.

— راسمۇ؟ ئەگەر شۇنداقلا بولسا، — ئۇ بىر ھازا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويلاندى، ئاخىر بېشىنى لىڭشىتتى، — بولىدۇ، بەشىڭىنى ھازىر بېرەي...

× × ×

كېچە، دەريا يىنىك شاقىرىماقتا ئىدى. موماي بىلەن تاش بالا شېرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى. تۇساتتىن ئەتراپنى ئاتلارنىڭ ئەنسىز تىۋىشلىرى قاپلاپ كەتتى. يۈزلىرىنى نىقاپلىۋالغان بەش - ئالتە ئادەم ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپلا ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى. موماي بىلەن تاش بالا چۆچۈپ ئويغاندى.

— سىلەر نېمە ئادەملەر، نېمە قىلماقچىسىلەر؟

موماي تاش بالىنى قۇچاقلاپ نىقاپلانغانلارغا توۋلىدى. ئۇلار تۈپ - توغرا تاش بالىغا ئېتىلدى - دە، مومايىنىڭ قولىدىن تاش بالىنى ئاجرىتىپ ئۇنى سىرتقا سۆرىدى.

— قويىۋېتىڭلار، بالامنى قويىۋېتىڭلار!

تاش بالىمۇ ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىش ئۈچۈن تىپىرلىدى.

—مېنى قويىۋېتىڭلار، مېنى قويىۋېتىڭلار!

لېكىن رەھىمسىز يۇگۇلۇق قوللار تاش بالىنى باغلاپ، تاغارغا سالدى. موماي ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى.

— قاراقچىلار، بۇلاڭچىلار، بالىنى چىقىرىپ بەرگىن! بالامنى قايتۇرۇپ بەرگىن!

نىقاپلانغانلارنىڭ بىرسى مومايىنىڭ قولىنى تاغاردىن ئاجرىتىپ، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى. موماي يىقىلغان بولسىمۇ ئۆمىلەپ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن چىقتى. نىقاپلانغانلار تاش بالا سېلىنغان تاغارنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ قاچتى.

موماي يۈگۈرگىنىچە بىر قولىنى يەرگە تىرەپ، بىر قولىنى ئۇلار كەتكەن تەرەپكە سوزدى. ئۇنىڭ قەلبى چەكسىز ئەلەم ۋە ھەسرەت يالقۇنىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئەزىم دەريا گويا مومايىنىڭ قەلبىنى نامايەن قىلىۋاتقاندەك دولقۇنلۇنۇپ، شىددەت بىلەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلماقتا ئىدى...

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

## ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى



مۇھەممەت روزى يارقىن 1949 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1967 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1973 - يىلىدىن 1976 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

1977 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلىگەن. 1985 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

مۇھەممەت روزى يارقىن 1980 - يىلىدىن بۇيان شېئىر، ھېكايە، چۆچەك، مەسەل، دراما قاتارلىق ژانىرلاردا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يېزىپ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ياش يازغۇچى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە «تامچە قىزچاقنىڭ ساياھىتى»، «خاسىيەتلىك نەي»، «ئۈزۈلگەن تارماق» قاتارلىق 3 كىتابى نەشىردىن چىققان. «گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە» ناملىق ھېكايىسى 1981 - يىلى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئالتۇن چاچلىق قوچاق» ناملىق ھېكايىسى 1983 - يىل 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «شۇنداق بىر كۈن» ناملىق دراممىسى 1983 - يىلى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بالا بىلەن ئالدامچى» ناملىق دراممىسى 1987 - يىل 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئاسلاننىڭ سەرگۈزەشتىسى» ناملىق چۆچىكى 1987 - يىلى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كۆركەم تەڭرىتاغلىرى» «سايرا كاككۇك» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى 1985-يىلى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شۇنداقلا 1986- يىلى مەملىكەتلىك خەلق ناخشا - مۇزىكا مۇسابىقىسىدا «سايرا كاككۇك» ناملىق ناخشا تېكىستى 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

---

بېشى 58 - بەتتە

قورقانچاقلىق قىلدى دەپ گۇمان قىلماڭلار، تاغ ئارىسىدىكى بۇ ئەزىمەت ئۆتتۈرۈپ قويدى: ئۇ بۆسۈپ چىقالىدى. بۈگۈنگىچە ئۇ غايەت زور «!» بىلەن «؟» غا ئوخشاپ، كىشىنىڭ ئەسلىگە كەلگىدەك ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ بولۇتلار قاپلىغان تاغ ئارىسىدا ياتماقتا. لېكىن «جۇيلىيۇزا» بۆسۈپ چىقتى! تاغ - ئىدىرلار «جۇيلىيۇزا» قايتىپ كەلدى دەپ ۋاقىرايدىغان بولسا، نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭلىغان بەش خانىلىق ۋە ئون خانىلىق سانلار بىلەن تولغان ئامانەت كىنىشكىسىغا قارىغاندىمۇ غەپلەتتىن ئويغۇنىدۇ. تارىخ جاپا قىلىش كۆچىگە ئىگە بولىدۇ! لېكىن مىڭ يىللاردىن بۇيان بىر خىللا كېلىۋاتقان چىرايلار، بۇ چوقان - سۈرەنلەردىن چۆچۈپ ئۆزگىرىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتكەندە تاغ ئارىسى ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان جىمجىتلىق ۋە تۇرغۇنلۇقلارمۇ بۇزۇپ تاشلىنىدۇ!

# مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەسلەيمەن

### ئەزىز نىيازى

1932 - يىلى 7 - ئايلار ئىدى. مەن قۇمۇلدىن تىجارەت بىلەن تۇرپانغا كەلدىم. ئۇزۇن ۋاقىتتىن كۆرۈشمەككە مۇشتاق بولغان زامانىمىزنىڭ ئىنقىلابىي مەشھۇر شائىرى - ئىپتىخارىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىزدەپ بېرىپ زىيارىتىگە نائىل بولدۇم.

مېنى ياش دېموكرات زىيالى دوستۇم ئابدۇراخمان نەئىمى باشلاپ بارغانىدى. ئىشىگىنى قاققىنىمىزدىن كېيىن شۇ مىنۇتتا ئۆيى ئىچىدىن قىيافىتى گۈزەل بىر يىگىت چىققىنىدە گويا تونۇش دوستىنى كۆرگەندەك تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئالدىمىزغا كېلىپ يىراقتىن ئاۋال سالام قىلىپ قىزغىن قول سىقىپ كۆرۈشتى.

— خوش قېنى مەرھابا، مەرھەمەت - دەپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئەيمەنگەن ھالدا ئەدەپ بىلەن ئۆيگە كىردۇق. ئامادلاشقىنىمىزدىن كېيىن ئابدۇراخمان مېنى تونۇشتۇردى ۋە كۆرۈشۈشكە ئارزۇمەن ئىدكەنلىكىمنى تەرەپىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ

— رەھمەت سىزگە مەنمۇ سىزدەك ئاشىقى مەشۇقمەن. ئەمما مەشۇقلۇق ھۆددىسىدىن چىقىش لىياقىتىم يېتەرسىز راق» شۇنداقتىمۇ مەن سىزگە ئوخشاش دوستلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن — دېدى.

سۆھبىتىمىز شېئىرىيەت ئۈستىدە باشلاندى. مەن شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىمنى ۋە ئاددىي، ئۇزۇن - قىسقا بىر نەرسىلەرنى يېزىپ تۇردىغانلىقىمنى ئېيتتىم، شائىر سۆزۈمنى ئاڭلاپ، يازغان بىرەر شېئىرىڭىز بولسا ئاڭلاپ باققىم كېلىدۇ، دېدى مەن قۇمۇل ۋاقتىمدىكى زۇلمى بەگدەك تەيار تاپلار ۋە ياشلارغا قارىتا 30 - يىلى يازغان ئەنىقىدى بىر شېئىرىمىنى كۆرسەتتىم. ئۇ ئوقۇپ كۆرۈپ:

— «بولىدۇ. كەلگۈسىدە، ياخشى شائىر بولغىدەكسىز. ھېچكىم تۇغۇلما شائىر بولغان ئەمەس، ئىجادىيەتتە ئىجابىي ۋىلۇش موھىم: چەت تىللاردىن ئاز - تولا سەۋىيە بولغاندا شېئىرىيەت زېنىنىتى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىدۇ. مەسىلەن: ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ھەددە بايازلار توپلىمىدىكى ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ شېئىرىنى كۆرسەك بۇنى ئوچۇق ھېس مىز. ئۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانغا مەلۇم يۇقىرى دىر جىلىك شائىر ۋە پەيلاسوپلىرى ئانا تىلىدىن باشقىمۇ چەت تىللارنى بىلگەن بولۇپ

ئۇلار دۇنيا مىقياسىدا زور ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىزدەپ ئوقۇش كېرەك.

ئىجادىيەت يارىتىشتا مەقسەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىياتتا تىل سەنئىتى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئەينىڭى، ياخشى ئەسەرلەر سىزدەك ھەۋەسكارلارغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. يازغان شېئىر بولسۇن، نەسرى بولسۇن جانلىق ئەمەلى بولسا ئوقۇغانلار قىزىقىپ ئوقۇيدۇ، پايدىلىنالايدۇ. ئەرەپلەر شېئىرگە بەك يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شېئىر ھەققىدە مۇنداق بىر سۆزى بار.

شېئىرىيەت ھېكمەتنى بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك شۇنداقلا ئۇ باشقىلارنى ئۆزگە سېھىرگەردەك جەلپ قىلىشى كېرەك.

شۇنىڭدەك بىر ئازەربايجان شائىرى شۇنداق دېگەن: «مىللى پەكىر شۇقەدەر جازابىلىك ۋە قۇدرەتلىكدۇركى. ئۇنىڭ يانىدا باشقىلار سۇنۇق ۋە روھسىز كۆرىنىدۇ. مىللى ئەدەبىيات تەشۋىقاتىنىڭ جانلىق قورالى، بۇ ھەقتە گەپ چىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىرىشچانلىق روھىغا باغلىق، دېدى مەرھۇم ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ تەۋەرۈك سۆزلىرىنى يېزىپ ئولتۇردۇم.

ئاندىن كېيىن سۆھبىتىمىز زامان ئۈستىدە بولدى. ئۇ شۇنداق دېدى:

— قۇمۇل ۋاڭىنىڭ زالىملىقى ۋە ياشلارنىڭ غاپىللىقى توغرىسىدا يازغان تەنقىدى شېئىرىڭىز ئوبدان بوپتۇ. شۇنداقلارنى تازا يېزىش كېرەك. بىزدىكى غەپلەت بالاسىدىن يېتىلىۋاتقان ئىزدىلىش مەھكۇملۇق نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق - ھە، بىچارە مىللەتنى باش كۆتەرتمەي بولىۋاتقان ئۇۋالچىلىقلارنىڭ ئاساسى ئامىلى يۇقىرى پېئودال مىلىتارىستلار بولۇپ يۇرتىمىزدىكىلەرى جاڭجۇڭ، دوتەي، شەتەي پالانتەي، لويى دارىن، ئۆزىمىزدىن چىققان زالىملاردىن ۋاڭ بەگ، جىسا، شاڭيۇلارغا ئوخشاش خائىن قانخورلار، ئىقتىدارلىق باتۇر يۈرەك قەھرىمانلار بار بولسىمۇ، ئۇلارنى باش كۆتەرتمىگەنلەر يەنىلا يۇقىرىقى سېتىلمىلار، شۇنىڭدەك قوتانلاپ قويىمىزنى بۆرە يېرىتقۇچلار يەۋاتسا ھايت دېمەي ھاڭۋېتىپ ئولتۇرۇدىغانلارنى قاراڭ، كەلگۈسىدە يۇقىرىقىلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ ھۆرلۈك مۇساۋات كۈنلەرگە يېتىشىدىغان نۇرلۇق كۈنلەر ئالدىمىزدا، بۇ ھەقتە كەلگۈسى ئەۋلات ئۇلۇغ ئۈمىد تۇغىنىنى تىكلەشكە ھازىر تۇرۇپتۇ.

ئەمدى مەدەنىيەتتىن بىخەۋەر شەخسى مەنپەت زىللەتىگە بۇيالغان بېخىل بايلارغا لەنەت نەپرەت! بۇلار خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇشتەك خوتۇن قەھرىمانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. 20 - 30 لاپ نىكا ئىگىسى بولغانلىقىدا خوش بولۇپ سۆزلەيدۇ. بۇلار مەدەنىيەت، مائارىپ، دارىلمىتام دېگەندىن تامامەن بىخەۋەر، دۇن-

يادىن بىخەۋەر، مۇشۇنداقلارنىڭ تېگىش-
لىك جاجىسىنى بېرىدىغان كۈنلەر مۇ كېلەر.
دىنىي ئالىملىرىمىزدىن تېخى ئۈمىد يوق.
مۇنەۋۋەر ئەمەس، ئىلىم ئوقۇشتىكى كۆز
قاراشلىرىدا، پەقەت دىنىي ئىلىمنى ئاسا-
سى ئىلىم دەپ پەن ئىلىمىگە تۆۋەن نە-
زەردە قارايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق زىيان-
لىق قاراشلىرى نەتىجىسىدە ياش ئەۋ-
لادلىرىمىز ئىلىم - پەندىن مەھرۇم قىلىپ
يامان ئاقىۋەتلەرگە ئۇچراۋاتىدۇ، بۇنداق
ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تېخىمۇ
ئېچىنىشلىق.

ئىسلام دىنىغە پەننىڭ زىت كېلىدى-
غان، پەنگە ئىسلام دىنىنىڭ زىت كېلىدى-
غان ھىچ قانداق يېرى يوق، بەلكى
ئىسلام پەننى قارشى ئالىدۇ،

ئاخىرىدا قومۇلغا بارغىنىمدىن كېيىن
يېڭىلىقلار بولسا يېزىپ تۇرۇڭ دەپ مىر-
ھەمەت قىلدى. مەنمۇ قەلبىمدىن قوبۇل
قىلىدىغانلىقىمنى ۋە كۆپ مىننەتدارلىقىم-
نى بىلدۈرۈپ تائامىدىن كېيىن قايتتۇق.

ئەمدى شائىرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە
ئاز - تولا ئەسلەپ ئۆتىمەن:

شائىر ئەخلاقىي جەھەتتە ئالىي پەزىلەت-
كە، بەركامال خۇلقىيەتكە ئىگە. سۆزلىر-
ىدىكى مەنتىقىلىك، پاراسەت بالاغىتى
سۆھبىتىدىن بولغان كىشىلەرنى ئىختىيار-
سىز مەپتۇن قىلاتتى، تەمكىنلىكتەسەببۇر-
چانلىقى، كەمتەرلىكى ھەر قانداق ئادەم-
نى قايىل قىلاتتى، مەنىۋى قىياپىتىدە
خوشچىرايلىقى، تاۋازۇلىقنى (كىشىلەرگە
خوش مۇئامىلە قىلىشى) جىلۋىلىنىپ تۇ-
راتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ مەنىۋى تەسىرىنى
ئۇستۈن قىلاتتى.

مىللىي روھتى جەھەتتە شائىرنىڭ
مىللەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھى
يۈكسەك ئىدى. ئۇنىڭ يازغان
ئەسەرلىرىدە باشتىن - ئاياق مىللەتنى،
خەلقىنى ئويغىتىش ساداسى جاراڭلايتى.
ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇپ ۋەتەن مىللەتنى
كۆيلەش، ياشلارغا تۈرتكىلىك ئىلھام بەخش
ئېتىشتەك جۇشقۇن روھلارغا نامايان
بولۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كۇپلېت شېئ-
رىدە شۇنداق دەيدۇ:

ھەقىقى قەھرىمان مىللەت ئىدى ئۇي-
غۇر بىلەن ئافغان.
ئۇلار تارىختا قورقماسلىق جاسارەتلىك-
تە نام ئالغان.
ئۆلۈمدىن قورقمىغان مىللەت ياشايدۇ
ئىستىمرا ھەقتە، بۇنىڭ ئەكسى بۈگۈن
بىزدە كۆرۈلمەس قەھرىمان ۋىجدان،

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىلمىيلىكى جە-
ھەتتىن كۆزەتكەندە ئۇ تىلشۇناس، تارىخ-
شۇناس، شائىر ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ بىر بۇلبۇلى نوتقى تامامە
مەقبۇلى ئامە، پەسەھزابان، بەلىغ زامان
بولۇش بىلەن خەنزۇ تىلى ئەرەبى، پار-
سى ۋە روسچە تىل ۋە يېزىقلارغا باي
ئىدى. تۈرك تىلى تاتارنىڭ شار
تىل - لارىنچە ۋە قازاقچە قانار-
لىق تىللارغىچە بىلەتتى.

شۇنىڭدەك ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرى-
دىنلا يېڭى مەدەنىيەت دولقۇنغا مىنىپ،
مىللىي مەدەنىيەت بەيگىسىدە مۇشكۇل سە-
پەرگە يۈرۈش قىلغان باتۇر ئىدى.


# نورۇزچاچقۇسى

ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىدە ئوقۇلغان نورۇزنامىلار

## باھار

(نورۇز ئىلھامى)

**تۆمۈر داۋامەت**



باش باھار كەتتى ئۆتۈپ، نورۇزغا نۆۋەتتۇر بۇدەم،
ياشىرىغان ئەگىز كەبى قۇرلارغا سۆز تۆكتى قەلەم.

ياشىرىغان ئەگىز كەبى ئىلھاملىرىم ئۆتتە سۆيۈپ،
تۇنجى كۆكتاتلارغا تولسۇن دىر، ئېتىزلار ھەم بىنەم.
بۇ نورۇز تىنچ ۋە ئىناقلىق كەيپىگە چاچسۇن شاراپ،
ئەل بېيىپ تاپسۇن رۇناق، يۇرت بولسۇن سولماس چىمەن.

سەگىتىپ ئۆتكەن ئوچەكتە ياتقاننى نورۇز شامىلى،
تۇنجى كۆكتاتتەك قىمىرلاپ، ئاپتاپقا ياندىشسۇن تىمەن.

گۈل - چېچەكلىك، ناز - كەرەشمە ياز كېلەر خۇشخۇي كۈلۈپ،
كۆڭلىمىزنى ياز قىلايلى، نورۇزدا ئىچكەن مەي بىلەن.

# نورۇزغا كەلگەن مېھمان

**تېيىپجان ئېلىيېۋ**



«يەل بېشى نورۇز ئېيى...»
(«نورۇزنامە» دىن)

ئەللىدى زېمىن،
تەرلىدى زېمىن
نورۇز تەپتىدىن هارارەت ئېمىپ.
توزۇپ ئۇنىڭ ئاق يېپىنچىسى،
كەتتى ئۇچۇپ بۇلۇتقا سىڭىپ.

دېھقان «شۈكرى» دەپ ساقال سىيپىدى،
ئىچىپ بولۇپ «نورۇز ئېشى» نى
بۇرىماقچى ئەتە ئېتىزغا،
«سوپەكباي» نىڭ تۆمۈر بېشىنى.

يەل بېشىدا،
ئىشىنىڭ بېشىدا،
دېھقان، يېڭى ئارزۇ پۈكۈپ چىق!
تەر تۆكۈشلا قىلماس كۇپايە،
ئېتىزغىمۇ كىتاب ئوقۇپ چىق،

تەبىئەت چاقچاق كۆتۈرەلمەيدۇ،
رەت قىلىدۇ هامان يالغاننى،
«دېھقان يەرنى ئالدىمىسىلا،
ئالدىمايدۇ يەرمۇ دېھقاننى».

خۇشبۇي، ئىللىق نورۇز شامىلى،
يەلپۈنۈپ سەگىتتى شائىر قەلبىنى.
نورۇز بىلەن باشلىنار چوقۇم،
شېئىرىيەتنىڭ يېڭى تەلقىنى.


ئۇمۇ گويا دېھقانغا ئوخشاش،
بىر پاتمان يەرنى هۆددىگە ئالدى.
ئۇرۇق قىلىپ پىكىرلىرىنى.
قەلەم چېكىپ، قۇرلارغا سالدى.

ئۇمۇ شۇنداق ئارزۇ قىلىدۇ:
ئەجرىم ئەلگە هوسۇل بەرسە دەپ.
هەر بىر هەرپ گويا بىر باشاق،
هەر بىر مىسرا بىر سول بولسا دەپ.

يېڭى يىل يېڭى ناخشا تىلەيدۇ،
تېخىمۇ مۇھتاج راستچىل پەدىگە.
يالغان ئېيتىش ئوڭاي بولسىمۇ،
چىدىماق تەس ئۇنىڭ دەردىگە.

## باھار ھەققىدە غەزەل

### ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر



كەل ئەي دىلبەر، تاماشا قىل، بۇ نورۇزدا دەۋرانىنى،
ئۇيۇقىنىڭ مەركىزىدە كۈلگەن ساباھەدەك باھارىستانىنى.

كىچە گۈل ياپرىقىدىن ياقاسى قان چاكى - چاك بۇلبۇل،
بۈگۈن قەشقەر راۋابىدا قۇچاقلار ئارزۇ - ئارمانىنى.

چۈشۈپ كۆكتىن قارا يەرگە گويا كى بىر مۇقەددەس قۇت،
باھار ياغدۇسىنى چاچتى، سۈرۈپ چەتكە زىمىستانىنى.

ئېرىپ قار - مۇز، تارىم دەريا چىچىڭدەك تولغىنىپ ئاققاچ،
خىيالىم تاپتى ئىلھامغا گويا بىر بەھرى ئۇممانىنى.

يېشىل قىرغاق يۈزى گۈل - گۈل، ئۇ گۈللەر بەرگىدە شەبنەم،
قوشار جانغا يانا مىڭ جان، چېچىپ ھەر تاڭدا رەيھانىنى.

ئېچىلسا لەبلىرىڭ ياڭاقىڭ كۈلۈپ لالە بىلەن چوغلۇق،
نەھاجەت ئىزلىمەك ئەمدى يۈرۈپ لەئلى بەدەخشانىنى.

زۇمۇرەت ۋادىدا ئاھۇ - كىيىكلەر سەكرىشىپ ئويناپ،
سالار يادىمغا ھەر لەھزە سىنىڭدەك خۇلقى خىرامانىنى.

ئۇچارلىقلار قانات قاقسا، ۋىچىرلاپ جۈپ - جۈپى بىرلە،
ئېسىڭگە ئەپ قويارسەنمۇ مېنىڭدەك ھالى پەرىشانىنى؟

كەل ئەي دىلبەر، يېزىپ جان رىشتىسىدىن ئىلتۇمار مەخسۇس،
يامان كۆزلەردىن ئاسرايلى بۇ نادىر باھارىستانىنى.

# يۇر جانان

(نەسر)

ئەكبەر ئىبراھىم

يۇر جانان كېتەيلى، يىراقلارغا كېتەيلى! ھېكمەت ئاسمىنىنى توسماقچى بولغان ئالدامچىلىق تۇمانلىرى كۆزلەرنى ھېرىقتۇردى. بىزنى ئۇيقىغا، غەپلەتكە چاقىرۋاتقان رىياكارلىق ئەزانلىرى قۇلاقلارنى پۈتتۈردى. جاھىلىيەت-غاپىللىقنى كۆككە كۆتەرگەن ھەمدۇسانالار دىللارنى خىرەلەشتۈردى. قاش تېشىدىنمۇ سوزۇك، ئالماستىنمۇ مەزمۇت مۇھەببىتىمىزنى، يۈرىگى خىيانەتنىڭ قاراڭغۇلىقى بىلەن بەنت بولغان دەستۇرخان شەيخلىرى كۆرەلمىدى. سېخى تەبىئەت ئاتا قىلغان ئاپتاپتەك روشەن جامالىڭىزنى، نادانلارنىڭ گۆرىدىنمۇ زۇلمەت خۇراپاتلىقنىڭ قېلىن چۈمپەردىسى دالدىغا ئالماقچى بولدى. ۋىسال ئارزۇسىغا تەقەززا يۈرىكىمىز، سوپىلىق نامازخانلىرىنىڭ تۆھمەت تاشلىرىنى كۆتىرەلمىدى.

قارا! ئۇلار مېڭىپ كەلگەن يوللار سوغۇق ۋە ئىسلاشقان پىتنە-پاسات تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، رەزىل شەخسىيەتچىلىك- شەھۋانىلىقىنىڭ قۇربانى بولغان شېھىتلار قەبرىسى يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن، ئەزىم چۆلنىڭ ئىزغىرىن شامىلى غۇقىراپ، قۇرۇپ كەتكەن چىغلارنى ھوشقىتىپ مۇڭلۇق مۇقام بىلەن مەرسىيە كۈيىنى ھاسىل قىلىپتۇ. ئاسمان كۆمۈردەك قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان ئىدىكى، گويا يەر يۈزى شۇنىڭ تېگىدە يانچىلىپ كېتىدىغان قىياپەتتە تۇرۇپتۇ.

يۇر جانانىم يۈگرەيلى، ھەر قانداق سۇنئىلىكتىن خالى بۈيۈك تەبىئەت ياراتقان گىگانت تاغلار چوققىسىدىن، قىش-يېزى مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرىدىغان زۇمرەت ئورمانلار باغرىدىن ئورۇن ئالايلى.

قارا، گويا مۇقەددەس غەليان ئىچىدە مەڭگۈلۈك سەپەرگە كېتىۋاتقاندەك گۈرۈلدەپ ئېقىۋاتقان تاغ دەرياسىغا! پاھ، ھەيۋەتلىك سادا، ئۇ تومەنلىگەن ھاياتنىڭ چىن ناخشىسى، ئۇ زەپەر قۇچقاننىڭ گۈلدۈرماممىسى، گويا قېن-قېنىغا پاتمىغان بەختىيار كۈلكە، گويا چۈشى بۇزۇلغان دەھشەتلىك يىغا...!

ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ «كىتىڭلار، كىتىڭلار مېنىڭ ساھىلىمدا سىلەرگە ئورۇن يوق.....»

ئىگارىم، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىككى تال قۇمىنى ئۆز قوينىغا سىغدۇرالمىدى. چۈنكى ئۇ بەگباشى ئىنسان بالىسىنىڭ ئابى ھاياتتەك زىلال سۈيىنى بۇلغاپ تاشلىغانلىقىدىن قاتتىق رەنجىگەن ئىدى.

يۇر جانانىم ئۇچايلى، ئىنسانلار ئەلەمساقتىن بۇيان تەشنا، دەقيانۇستىن بېرى تەلمۈرۈپ كېلىۋاتقان چەكسىز ئىگىز ساماغا كۆتىرىلەيلى.

قارىغىنا؟! ئاي نېمە دېگەن يارقىن، نەقەدەر غۇبارسىز - ھە، ئۇ ئاسمان دېڭىزىدا تەمكىن ۋە خاتىرجەم ئۈزمەكتە، مىليون يىللاردىن بېرى شۇنداق، ئۇ زېمىنغا قاراپ كۈلمەكتە.

توختا، جانانىم توختا! ئايدىنمۇ ئادەم ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ؟ ئۇ خىياللار جەننىتىگىمۇ ئادەم بالىسى قەدەم باسقان ئىكەن - دە! دېمەك ئىنسانلارنىڭ پاك ۋە

ناپاك بارلىق خىسلەتلىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان زەررىلەر ئايغا قونغان بولىشى مۇمكىن، ھېرس مالىكۇلىسى، بىزنى ۋە كىيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنى بولغىيالمايدۇ، دەپ قىياس قىلالامسەن؟ بىلسەڭ، دۇنيا ئەسلىدە مېھرى - شەپقەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تۇنجى قاتىل ھابىل (ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلى) ئىنىسى قابىلنى رەشىك يۈزىسىدىن قەتلى قىلغانلىقى ئۈچۈن، گۇنايى - كىبىر شاخلاپ، ياۋۇزلۇق بۈگۈنگە يېتىپ كەلگەن.

قانات قاق جانانىم، قانات قاق! مۇھەببەت مۇئەككىلى ۋىنېراغا چىقىپ كىتەيلى، تاڭ سەھەردە ھەممىدىن روشەن چاقنايدىغان چولپان باغرىغا چۈشەيلى!

ئۈشتۈمتۈت كائىناتنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگىدەك قۇدرەتلىك ۋە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى جىغىلداتىدىغان چېقىندەك كۈچلۈك سادا كۆكنى لەرزىگە كەلتۈردى. يۈكسەك يورۇقلۇقنىڭ ئانىسى قۇياشقا تىل پۈتكەن ئىدى:

ئەجەبا، بىلەمسىلەر؟! مەن سىلەرنى ھەر كۈنى يېڭى ھاياتقا، جەڭگىۋار كۈرەشكە چاقىرۋاتقان ھەممىگە قادىر ھەقىقەت، مەن پۇرۇقشىپ قايناۋاتقان غەزەپلىك ماگما، ئاسمان غىلاپىدىكى جاسارەت سۈيىدە سۇغۇرۇلغان ئوتلۇق قىلىچ، چۈشكۈنلۈك بۇلۇتلىرىنى ۋەيران قىلغۇچى دەھشەتلىك ۋولقان، ئۈمۈت ئۇپۇقلىرىنى ئىقبال نۇرى بىلەن زاھىر قىلغۇچى نۇرلۇق شەپەق.

كېلىڭلار باللىرىم. كېلىڭلار! مېنىڭ يالقۇنلۇق قوينۇمدا، جەددى - جەمەتىڭلاردىن بېرى مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان رەشىك، ھەسەتخورلۇق، قىزغانچۇقلۇق، كۈنلەش - كۈندەشلىك سۇلوكلىرىنى، ھازىرغىچە يەلكەڭلەردە كۆتۈرۈپ يۈرگەن تەمەننا، تاماگەرلىك، مەمەدانلىق، پىتنە-پاسات، تۆھمەت، خوشامەتچىلىك رودۇپايلىرىنى، قېنىڭلارنى تۈيدۈرماي شوراۋاتقان نادانلىق سالجاپارازىتلىرىنى رەھىمسىز ئورتەپ تاشلاڭلار. شۇ چاغدىلا سىلەر يېڭى تۇغۇلغان سەبى بوۋاق بالىدەك ساپ قەلبىڭلار، پاك تېنىڭلار بىلەن قالىسىلەر، شۇ چاغدىلا سىلەر ھەقىقىي ئىنسان روھى ۋە جىسمىغا لايىق يېڭى ئەۋلات يارىتالايسىلەر. شۇ چاغدىلا سىلەر يەر ئانىنىڭ مەۋجۇدىيەت قوينىدىن ئاچچىق زەھەر ئەمەس، ھەسەلدەك شېرىن مېۋە ئالالايسىلەر، ئەگەر يەنىلا زامان مېھنىتىدىن قەلبىڭلارنى ئازارغا سالساڭلار، يونان ئەپسانىلىرىدىكى تانتالغا ئوخشاش دەريا بويىدا تۇرۇپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچەلمەيدىغان دەھشەتلىك جازاغا مەھكۇم سىلەر....!

مەن قاتتىق ئۈيقىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. ئەتراپ ئىمتاس سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى.

ئاھ قۇياش! مەن ساڭا تىۋىنىدىم. پەقەت سەنلا مېنىڭ بىردىن - بىر ئېتىقادىم. پەقەت سەنلا بىردىن - بىر تەنھا قىبلىگاھىم. سەن كائىناتتا يەككە - يېگانىسەن، چۈنكى سەن ھەقىقەت،

زېمىن ئانا، قوينۇڭنى ئاچ، مەن قايتىپ كەلدىم.

# شېئىرلار

خەلىل سالىخ

## سايرام كېچىسى

چۆچەكتەك مەنزىرە - ئاجايىپ كېچە،
ئۈزىدۇ تولۇن ئاي كۆكتە ئۈزگىچە.
ياپراقلار قادىغان زۇمرەتتىن ھالقا،
يۆلەكلىك تۇرىدۇ بىر چەتتە چالغا.
ئاي نۇرى يورىتار كەڭرى بوستاننى،
شائىرلار شۇنىڭدىن ئالار داستاننى.
مەن كۆردۈم گۈللەرنىڭ ئېچىلغىنىنى،
خۇش ھىدى ئەتراپقا چېچىلغىنىنى.
ئورمانلار ئىچىدە قىزىق تاماشا،
شائىرلار يېزىشتى بەستە مۇۋەششەھ.
قارىسام، ياپراقلار قولاق سېلىپتۇ،
شائىرلار سۆزىدىن ئىلھام ئېلىپتۇ.
سازچىلار سايرامنىڭ دولقۇنى ھەيۋەت،
بۇ سادا دەۋرىمگە قوشۇدۇ غەيرەت.
شىلدىرلاپ ئاقىدۇ بۇلاقلار سۈيى،
شۇنىڭدۇ جاراڭلار غالىپلار كۈيى.
ھە، قۇياش يۈز ئاچتى - يورىدى جاھان،
تىكىلدىم شۇ ھامان مەن سايرام تامان.
قارىسام بىر قۇياش - ئاسمان كۆكىدە،
يەنە بىر قارىسام كۆلىنىڭ ئىچىدە.
بۇ - شانلىق ئەتىنىڭ نۇرلۇق سەھىرى،
ھاياتقا جان بېرەر قۇتلۇق جەۋھىرى.

## قىزىلتاغقا مەدھىيە

گۈزەل شىنجاڭ كۆركى - ئۈرۈمچى،
ئۈرۈمچىنىڭ كۆزى - قىزىلتاغ.
تاڭ نۇرىغا يېڭى نۇر قېتىپ،
قىزىلتاغدا بەرپا بولدى، باغ.
قىزىلتاغنىڭ رومىلى - شەپەق،
قىزىلتاغنىڭ ئېتىكى بوستان.
قىزىلتاغقا مەدھىيە ئوقۇپ،
يازار شائىر قەلبىدىن داستان.
ئۈرۈمچىنىڭ زەربابى ئۈزەڭ،
زەرباب ئىچرە كىمخابى ئۈزەڭ.
ئۈرۈمچىگە ياقۇت كۆز بولۇپ،
مەغرۇر تۇرغان كارابى ئۈزەڭ.

# قىسقا شېئىرلار

## شام

يۈرىكىڭ بىر سېنىڭ، تېنىڭمۇ بىرلا،
زۇلمەتنى يورۇتۇش ئەقىدەڭ سېنىڭ.
شەھلالىرىڭ نۇرۇڭنى قوغداش چەمبىرىڭ،
جاھالەت تۈنىگە تىغدۇر گەۋھىرىڭ...

## باشاق

ئېغاڭلايدۇ بۇغداي باشىقى،
مەس بولغانمۇ شاراب كۈچىدە؟!
كۆتۈرەلمەي قاپتۇ بېشىنى،
شۇندا بىلدىم مەسلىك نېمىدە!

## مېنىڭ گۈللىرىم

ھەق يولىدىن ئاداشماي تاكى مەڭگۈگە،
خەلقىمگە ھەمنەپەس ئۆتەر كۈنلىرىم.
قىزىل گۈل، ئەتىر گۈل... دەيدۇ بەزىلەر،
ۋەتىنىم ئوت-چۆپى - مېنىڭ گۈللىرىم...

## خامانىدا

ئونچەدەر:
ئەي خامانچى، ئىگىز ئاتقىن،
سەلكىن مېنى ئۆز بۇرنىدا پۇراپ باقسۇن،
بۇلۇتلارمۇ ئۆز ئاغزىدا تېتىپ باقسۇن،
ھىدىم قانداق، تەمىم قانداق بار كائىنات،
ئۆمۈر ۋايەت ئەسلىرىدە تۇتۇپ قالسۇن...

## ئەمدى بىلدىم سىرىڭنى

قاتار ئۇچقان تۇرنىلار،
نەگە بېرىپ قىشلايسەن؟
ئەجەپ ئىشتۇ، نېمىشقا -
پەرلىرىڭدىن تاشلايسەن؟

توغرا، ئوزا كەلگەندە،
بۇ يەر قاقاس چۆل ئىدى.
تامچە سۇيى بولمىغان،
بېلىق سىرتى غول ئىدى.

بۇ يىل كەلدىڭ، كۆزلىرىڭ،
ئالىچەكمەن بوپ كەتتى.
كەڭ پايانسىز ئېتىزلار،
سىنى تېنەتىپ كەتتى.

ئەمدى بىلدىم سىرىڭنى،
بىردىن تۇتقان «قەھرىڭنى».
تېنەمەسچۇن كېلەر يىل،
تاشلاپ كەتتىڭ پەرىڭنى...

## باھار يامغۇرى

دانە-دانە،
تال - تال بۆلۇپ،
پىشقان ئۈزۈمدەك،
قۇتلۇق يامغۇر تامچىلايدۇ.
دەرەخ غولى
ۋە شاخلارنى،
خۇددى مالچى قامچىسىدەك قامچىلايدۇ...
ئانىسىنى سېغىنغان
باتۇر ئوغۇلدەك،
غولىچىنى يېيىپ،
مىھرىنى چېچىپ، كەڭ زېمىننى باغاشلايدۇ...
ھەر ياقتىن كېلىدۇ شىرنىنىڭ ھىدى،
گۈپۈلدەپ ئۇرۇلار گۈل - مەينىڭ ھىدي...

## ھاۋزۇسىز

تىنىق ئاسمان...
سانسىز يۇلتۇز چاقنايدۇ.
بۇ يۇلتۇزلار
كۆل ئىچىدىن مارايدۇ.
ئاسمان، يۇلتۇز، كۆل سۈيىدىن
مۇشكى - ئەنبەر پۇرايدۇ...

سەبى بالا
ياتار ئانا قوينىدا،
گىرە سېلىپ
ئانا ۋەتەن بوينىغا.

بوۋاق، ئانا، ۋەتەن مېھرى،
ھامان جەڭچى ئويىدا...

## ئۆمۈر تەسىراتلىرى

1

بىلگىنىم توققۇز ئىدى، ئوتتۇز دېدىم،
شۇ سۆزنى قىلغانغا جىق ۋايىم يېدىم.
سايەمگە قاراپ بويۇم ئېگىز دېدىم،
كۆلكىگە قالدىم شۇڭا تالاي قېتىم...

2

ئامەتلىكتىم بىر چاغلاردا مەن ھەممىدىن،
«بارىكاللا» كېلەر ئىدى تۇشمۇ - تۇشتىن.
ھايات يولى چۈشەندۇردى ماڭا شۇنى:
ئادەم ئىچىتىن قېرىيدىكەن، دەرەخ ئۇچىدىن...

3

پەرۋاسىز ئوينىدىم بىر چاغلاردا مەن،
ئويۇندا ئۆمرۈمۇ ئۆتتى خېلى «ساز».
چۈشەندىم چاچ - ساقال ئاپپاق بولغاندا،
بىر كىتاب بىرىيۇرتقا بولاركەن ئۇستاز...

4

كۆز ئاچتىم دۇنياغا، جاھان يوپيورۇق،
ئاتامنىڭ شەپقىتى بولدى نۇر چىراق.
پۆمەللەپ ئانامنىڭ سۈتىنى ئىچتىم،
شۇ سۈتلەر ئانا مېھرى - تۈگىمەس بۇلاق...

## ناخشا تېكستلىرى

### ساتتار توختى

### خان تەڭرى

تۈۋرۈك بوپسەن ئاسمانغا،
كائىناتنى چورت يېرىپ،
تاغلار باقار ھۆرمەتتە،
تۇرساڭ مەغرۇر قەد كېرىپ.

تاج كىيىپسەن قوياشتىن،
كۆكنى سۆيگەن بېشىڭغا.
بىر ئۇلۇغلۇق سېزىمەن،
ھەر كەلگەندە قېشىڭغا.

چوققىلارنىڭ شاھىدۇر،
ئىسمىڭ سېنىڭ خان تەڭرى.
پۈتۈلگەنمۇ ئالماستىن،
جىسمىڭ سېنىڭ خان تەڭرى؟
كۆردۈم بۈيۈك قەددىڭدىن،
قامىتىنى خەلقىمنىڭ.

شۇ قامەتتىن، شۆھرىتى،
ئامىتىنى خەلقىمنىڭ.
خەلقىمىزنىڭ جاھاندا،
تاغ سۈپەت ئەل نامى بار.

جاسارەتتىن تاج كەيگەن،
تەرىپى بار، شانى بار.
بىز پەخىرلىك سەن بىلەن،
سەن پەخىرلىك بىز بىلەن.
«پەس»، كۆرگەنلەر، خەلقىمنى،
كۆرۈپ كەتسۇن كۆز بىلەن.

### تەكلىماكان

تەكلىماكان - سىرلىق زېمىن،
سەن ئۇخلىدىڭ قانچە ئەسىر.
قوم ئاستىغا چۆكتى، دەرىخ!
ئېگىلاپ ساراي، ئالتۇن قەسىر...

ياتماقتا ئىنسان ئەقلىنىڭ،
ئۇندا ئەقىل گەۋھەرلىرى.
چەكسىز ھاياتلىق سىرىنى،
زاھىر ئېتەر جەۋھەرلىرى.

خەلقىم قوراللاندى بۈگۈن،
غەزىنە ئېچىشقا پەم بىلەن.
قوينۇڭغا بىز قىلدۇق يۈرۈش،
جەڭلەر قىزىيدۇ سەن بىلەن.

چەكسىز نېفىتىنىڭ دېڭىزى،
باغرىڭدا فونتان ئاتقۇسى.
بەختىڭنى كۈيلەپ زوق بىلەن،
بۇلبۇل قوشاقتا قاتقۇسى.

× ×

خەلقىم سېنى يەڭگۈزگۈسى،
سۇلياس باھارنىڭ ۋەسلىگە.
چۈشكەي چىۋەر ئوغلانلىرىڭ،
باغرىڭدا ئۇسسۇل بەزمىگە.

### ئۇيغۇر قىزى

ئاتاڭ سېنىڭ قوياشمۇ،
ئاناڭ تولۇن ئايمىكىن؟
يورتۇق پەرىزات ئۈچۈن،
ماكان بولغان جايمىكىن؟

چولپان خىجىل ئالدىڭدا،
نۇر چاقنىغان كۆزۈڭدىن.
شەپەق ئالار قىزىللىق،
قان تەپچىگەن يۈزۈڭدىن.

پەسلى باھار ئالغانمۇ،
گۈزەللىكنى دىلىڭدىن.
كوي سورامدۇ بۇلبۇللار،
شەربەت ئاقار تىلىڭدىن

ئاتا قىپتۇ تەبىئەت،
ساڭا گۈلدەك قامەتنى.
قايسى مىللەت ئۈزلۈكتا
تاپتى سەندەك ئامەتنى.
شان شۆھرەتلىك ۋەتەننىڭ،
غۇنچە بويلۇق قىزى سەن.

لاتاپەتلىك، ھايالىق،
ئىسىل خۇيلۇق قىز سەن.
مۇناسىپسەن جاھاندا،
سەن گۈزەللىك تەختىگە.
كۆز تەگمىسۇن، ئۆز ياغسۇن،
ئۇيغۇر قىزى بەختىگە.

# شېئىرلار

**ياسىن ئىمىن**

## تاقەتلىك بالا

ئالداش ئەمەس ئانا جۇملىسى،
تاقەتلەرگە ئۈندىمەس قاچان.
تىلىگەنگە كېلەمدۇ ئامەت،
نە كويلارغا سالمايدۇ زامان.
ئەركىلەيدۇ بالا، ئانىغا،
قايسى خىيال تۇغۇلسا شۇئان.
زېرىكسىمۇ قەغىشلىك قىلار،
— ئانا نان بەر، — دەيدۇ يىغلاپ ئان.
ئانا دەيدۇ: — بالام ئاز قالدى،
ياغلىق توقاچ پىشسۇن تاقەت قىل.
ئەجدادلاردىن تاقەتلىكلەر بىز،
سەنمۇ شۇنى بىلگىن ئادەت قىل.
خىيالىغا كەلسە مومىسى،
سېغىندىم دەر ئۇ دادىسىنى.
كەتكىنىنى ئۇ نېمە بىلسۇن،
مىراس قويۇپ شۇ بالىسىنى.
— ئاز قالدى، — دەر يەنە ئانىسى،
يات - يىقىندا كېلىدۇ داداڭ.
سەنلا ئەمەس بىتاقەت بولۇپ،
يوللىرىغا كۆز تىكەر ئاناڭ.

— كەمپىت يەيمەن، — دەيدۇ بەزىدە،
قانداق قىلسۇن ئۈنىڭ ئانىسى.
خۇدا! — دەيدۇ،
— بويۇن قىسماستى،
بولغىنىدا ئۈنىڭ دادىسى.
ئانا دەيدۇ يەنە: — ئاز قالدى،
ئەتە - ئۆگۈن ئېلىپ بېرىمەن.
كەمپىت ئەمەس قەنت - ناۋاتلارنى،
چېچىكىمۇ سېلىپ بېرىمەن.
بالا ئېيتار بويىنىنى قىسىپ،
ئانا — يېڭى كىيىم كىيىمەن.
ئانا دەيدۇ: — بالام ئاز قالدى،
يېڭى كىيىم تىكىپ بېرىمەن.
روھى چۈشكۈن بالىلار ئارا،
ئوخشىمايدۇ ھەتتا دەپتىرى.
قاناتلىرى سۇنۇق كەپتەردەك،
پۈتۈلگەنمۇ ئۈنىڭ تەقدىرى.
بارمىقىنى چىشلەيدۇ بالا،
قوللىرىدا سۇنغان بىر قەلەم.
سەبى يۈرەك دەيدۇ ھەسرەتتە:
بۇ نېمە كۈن، بۇ نېمە ئەلەم.

بۇنداق ھالغا چىدامدۇ ئانا؟
ئۇ ئەمەسمۇ يۈرەك پارىسى؟
كۆز ئالدىدا بوينىنى قىسسا،
چېكەلمەمدۇ يۈرەك تارىسى.

تاقەتلىك بوپ چوڭ بولدى بالا،
ھەم چوڭايدى يۈرەك پارىسى.
— ئاز قالدى، — دەپ تاقەتكە ئۈندەپ،
يېتىپ قالدى ئېزىز ئانىسى.

**مەن كەتكەندە ......**

كەلگىنىمدە مەن ئوغۇل بولۇپ،
كولگەن ئىدەن پۈتۈن قەۋمىلەر،
كەتكىنىمدە دۇنيادىن بىر كون،
كىملەر يىغلار ۋە كىملەر كولەر.
يىغلار چوقۇم يارى - دوستلۇرۇم،
قالغىنىغا مەندىن ئايرىلىپ.
بۇركۇتلەرمۇ ئۇچالمايدىغۇ،
پەي قانىتى كەتسە قايرىلىپ.
كۈلەر بەلكى شۇندا قورقاقلار،
مېنى غالىپ دۈشمەن بىلگەنلەر.
ئايىقىمدا ھاشارەت كەبى،
تىپىرلىشىپ تىرىك ئۆلگەنلەر.

**قەترىلەر**

قەترىلەر.
ئاھ قەترىلەر.
بۇلاقلار قوشۇلۇپ زور ئېقىن بولۇپ.
توختىماي ئاققان ئەزىم دەريادەك،
سىرغىپ كېلىر تاغلار بىلىمدىن،
سەرتەڭ تاشلار يۈزىدە گويا.
سىماپ مىسال لىغىرلاپ ئېقىپ.
ئالتۇن نۇرلار ئۈنىڭ ئەكسىدە،
ئۆتەر ھەربىر كۆزلەرنى چېقىپ.
تېمىپ - تېمىپ بۇلاشار يېقىن،
ئۇندا ئارزۇ بولۇش چوڭ ئېقىن.
شۇ ئارزۇدا بارچە قەترىلەر،
دېڭىزغىچە كەتسە قوشۇلۇپ.
بىزدىلىرى قالار ئېقىندىن،
دۆچ كەلگەندە قاش ئەمەس ھەتتا،
قىر كەينىدە قالار قوشۇلۇپ.
ئەنە قەترە،
سانسىز قەترىلەر.
ئۇ كېلىمدۇ بىر قەترە بولۇپ،
بۇ كېلىمدۇ ھەم قەترە بولۇپ،
نەپەسلەردە سېلىشىپ چوقان.
مەن كېلىمەن قەترىلەر ئىچىدە،
ئوكيانلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ،
يوللۇرۇمدا ياساپ سەل - قىيان.
ئەنە قەترە،
سانسىز قەترىلەر،
قەترىلەردىن تولسا ئېرىقلار.
ئېرىقلاردىن دەريا - ئېقىنلار.
ئېقىپ كەلسە ئېتىزلار ئارا.
ئانا يەرگە كۆكسىنى يېقىپ،
ئانا يەردىن قوياشقا بېقىپ.
شاۋقۇنلىرى كەلسە ئاھاڭغا،
شات ناخشا بولۇپ تارالسا.
ئۇچسا كۆكتە كەڭ پەرۋاز قىلىپ.
يوللىرىدا ئۆتسە سايلاردىن،
سوغارسا ئۇ، تاغ - دالالارنى.
ئېچىپ قانسا چاڭقىغان يەرلەر،
شۇ يەرلەردە ئېچىلسا گۈللەر،

ھاسىل قىلسا ئارزۇلاردىكى،
ئەبەت - ئەبەت سولماس باغلارنى.
ئەنە قەترە،

سانسىز قەترىلەر.
بىر ئېقىندا كەتتى قوشۇلۇپ.
تاغ - تاشلاردىن قالماي توسۇلۇپ،
شۇ قەترىلەر ئىچىدە خىيالىم
كەتتى بەلكى بېرىپ يەتكەندۇ،
دىڭىز غىچە بىرگە قوشۇلۇپ.
قەترىلەرنىڭ ئېقىن قۇدرىتى،
يەر يۈ - جاھاننى تاپقۇزار ۋىسال،
يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەرمۇ.
قەترىلەردىن شۇ مىڭنىڭ خەلقىم،
ئىمىن تېپىپ بولغاندا خوشال.

**ۋۇمىت يۇلتۇزى**

كېلىۋاتىمەن،
غەيرىتىمدىن تاغلارنى يۇدۇپ،
چىغان - چاتقال جاڭگالنى يۈسۈپ.
كېلىدۇۋاتىمەن،
چاتقال - تىكەنلىك يوللاردىن ئۆتۈپ،
شۇ يوللارغا،
ئىزلار قويۇپ، ئىزلارنى ئويۇپ.
كېلىۋاتىمەن،
بەزى تاشتىن دەريالار كېچىپ.
ۋە بەزىدە تومۇز ئاپتاپتا،
ماغدۇر كېتىپ، ھېرىپ ھەم ئېچىپ.
گەز باغلىغان لەۋلىرىم بىلەن،
چۆلنىڭ شورلۇق زەي سۇلىرىنى،
ھۇزۇرۇمدا سومۇرۇپ ئىچىپ.
كېلىۋاتىمەن،
ھارۇدىم دېمەي، تالدىم دېمەي،
چاڭقاپ كەتتىم يا ئاچتىم دېمەي.
سۆيگۈ يارىم - جانان ئىشقىدا،
ئوتتەك يېنىپ، كۆيۈپ ھەم پىشىپ.
«ۋىسال قۇچقاندا،
يارىمنى ئىلكىمدە سۆيىمەن قىنىپ.»
قىلىچ كەبى ئۆتكۈر، پارقىراق،
ئىرادىلەر مىغىزىنى چېقىپ.
كېلىۋاتىمەن،
تاڭلارغا، تۈنلەرنىڭ باغرىنى يېرىپ.
«توختىما،
بەرگىن بەرداشلىق،
مەرت بول، مەردانە بول،
چىدا، ئاز قالدى» دېگەندەك،
غەيرەت قىلىپ، غەيرەتلەر تېپىپ.
كېلىۋاتىمەن،
ئەنە،
كۆرۈنەر ئوت،
گويا بىر گۈلخان،
يېنىپ تۇرار يىراق - يىراقتا.
توختا!
يېنىپ تۇرغان، ئوتتەك كۆزۈنگەن،
بىر ئېزىتقۇ شەيتان بولمىسۇن.
شۇ كېچىدە قەۋرىلەر ئارا،
كىرىپ يۈرگەن يا ئېزىپ يۈرگەن،
ئېچىقىغان ئەرۋاھ بولمىسۇن،
ياق!
يۈرىكىمدەك يېنىۋاتىدۇ.
يۈرىكىمدەك كۆيىۋاتىدۇ،
بىلىنمەيدۇ ماڭا ئەنسىزلىك،
ئوتىمىكىن ئۇ يا يۇلتۇزمىكىن.
مالچىلارنىڭ گۈلخانلىرىدىن،

ئۇۋچىلارنىڭ چۈشەكلىرىدىن،
ياكى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆتكەن،
كارۋانلارنىڭ قونالغۇسىدىن،
ماڭا قالغان، كۆلنىڭ ئاستىدا،
ئۆچمەي قالغان بىر تال چوغمىكىن؟!
ئەنە!
چوغ دېگىنىم ئىكەن بىر يۇلتۇز،
كۆيۈپ تۇرغان ئۇچقۇن چاچرىتىپ.

ئەندى بىلدىم،
ئەجدادىمدىن ئۇدۇم بوپ قالغان،
قېنىمغا سىڭگەن،
يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالغان.
چىراق ئىكەن، شۇنداق گۈلخانكەن،
ھە، مانا ئۇمىد يۇلتۇزى،
دىلىمدا يانغان.

# شېئىرلار

## روزى نىياز

### بۇلۇت ۋە مەن

سايراتقانچە ماتورىنى كۈمۈش قۇش،
كىرىپ باردىم دۇنياسىغا بۇلۇتنىڭ.
كۆكنى بويلاپ يايرىدىم شاد-قورۇنماي،
قالمىغاندەك ھاجىتىمۇ تۇزۇتنىڭ.

ئۆرلەپ-ھالقىپ دۆۋە-دۆۋە بۇلۇتتىن،
بارا-بارا چىقىپ ئالدىم ئۈستىگە.
كۈننىڭ تال-تال نۇرى كۈلكە يۈگۈرتكەن،
بۇلۇتلارنىڭ ئاپئاق چىراي-ھۆسنىگە.

بۇلۇتلارنىڭ كۈلكە-مېھرى ئەسلەتتى،
ماڭا ئاق يول تىلىگەن قىز-ئوغلۇمنى....
چېقىپ ئۆتتى سېغىنىشنىڭ چاقمىقى.
ئاسمانىدىمۇ كەڭ غۇبارسىز كۆڭلۈمنى.

كۆكتە لەيلەپ-ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلار،
ئېقىن ياساپ سىڭەر يەرنىڭ قوينىغا.
چاڭ-توزاڭدىن يۇيۇپ-پاكلاپ جاھاننى،
بولار مارجان گۈل-گىيالار بوينىغا.

تاپان ئۇزۇپ كۆتۇرۇلگەن يەردىن مەن،
چۇشەرجايىم -
يەنەئىزگۇيەر - تۇپراق.
ئىجادىمغا تەرمە تېرىپ هەر تاڭدىن،
ئىز - ۋاراقتىن تارقىتارمەن خۇش پۇراق.

## شۇ قاۋاشتا

ئىشتىسە ئىت بىرەر شەپ - «تىرىق» قىلغانىنى،
قـاۋاپ - كاڭشىپ باشقا كېيەر زېمىن - جاهانىنى.
شۇ قاۋاشتا ياخشىلارغا بولۇپ ۋاپادار،
يولاتىمىسا ئۆي - خانىغا غەيرى - يامانىنى.

## يورۇقتۇر يۇزۇم

تىكىلگەن ئەتىگە ئويچان، پاك كۆزۇم،
يۇرىكىم قېنىدابىجادۇر سۆزۇم.
ئىزىمدىن قېپقالسا سايىزار باغلار،
ئەۋلاتلار ئالدىدا يورۇقتۇر يۇزۇم.

## سۆيگۇ گۇلى

ئەر - خوتۇننى گۇلدەك قىلۇر قۇش مېغىزدەك هال،
ئەمەستۇر هېچ بىرى، مېغىز، بىرى يا شاكال.
يەرگە ئۇرسا بىر - بىرىنىڭ قىممەت - قەدرىنى،
جالاقلىتىپ ئۆي ئىچىنى چىدەل بورىنى،
سۆيگۇ گۇلى هاياتىغا بولمامدۇ ئۇۋال؟!

## تاپىمەن

دۇنيا - هايات بولىمۇ گادىرماش - چېگىش،
تاپىمەن بىر ئىزگۇ يول - يارىشىملىق ئىش.
بولدۇقلىتىپ پاراسەت - دىت بۇلاقىنى،
هەر پەسىلدە ئالىمەن تاغارلاپ يېمىش.

## ياقسام

تامغا ئۇسەر گەپ - ئىشىم «شامال» غا باقسام،
ئىسىم «چايان» ئانىلار ئۆزگىنى چاقسام.

چاۋاك چېلىپ قول بىرەر ماڭا خىزىرمۇ،
ھەقىقەتتىن دىلىمغا شام - چىراق ياقسام.

## ئۈزايدۇ

تاشلىسام كۈن - تۈندە ئەجىرلىك قەدەم،
كۆلىدۇ ھاياتقا سۆيگۈم - ئەقىددىم.
ئۈزايدۇ ھاياتقا گۈزەللىك بېرىپ،
نەقىشكار، ئىجاتكار ئالتۇن دەقىقەم.

## كۆزدىن يوتسە

ئىدرەك - ئەقىل ئاسمىنىدا پەرۋازلىسا كىم،
كەزمىسىكەن كۆڭۈللەرنى ھەسەت بۇلۇتى.
كۆزدىن يوتسە
ھەسەت،
تارلىق......
بۇلۇڭ - پۇچقاقتىن،
پەرىشتىنى تاڭ ئادەم ۋۇجۇدى.

# شېئىرلار

ھاكىم مۇسا

## نىگار

ئايىنىپ ئايغا قاراپ ھۆسنىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
چاقنىغان چولپاننى كۆرسەم كۆزۈڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
تۈن قارا بولغانسېرى زۇلپىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
كۈتىمەن سېنى دېگەن سۆزۈڭنى ئەسلەيمەن نىگار.

سايرىسا باغلاردا بۇلبۇل سازىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
تىترىتىپ قەلبىمنى چالغان تارىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
شۇ مۇناجەت پەدىسىدىن نالىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
كۆزلىرىڭ بېقىشىدىن ھالىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
قول تۇتۇپ باغلاردا يۈرگەن سەيلىمىنى ئەسلەيمەن نىگار،
ناز بىلەن بېقىشلىرىڭدىن پەيزىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
چىن يۈرەكتىن ساڭا شەيدا مەيلىمنى ئەسلەيمەن نىگار،
بارلىقىم بىر سەن ئۈچۈن - لەۋزىمنى ئەسلەيمەن نىگار.

كۆز تىكىپ تولۇن ئايغا چېھرىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
جىلمىيىپ كۈلگەندە غۇنچە لېۋىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
گۈل باھار ئاپتابىدىن مېھرىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
تالمەجنۇن بويلىرىڭ، جىلۋىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
تاڭ سەھەر ساباسىدىن ئارزۇڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
شاخ - شېخى مېۋىگە تولغان يازىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.
شاھ ئەجەم مەرغۇلىدىن نازىڭنى ئەسلەيمەن نىگار،
سېغىنىش ئىلكىدە زەپ بارىڭنى ئەسلەيمەن نىگار.

### بىلەمەن

قارىدىم،
كۆردۈم سېنىڭمۇ قارىغىنىڭنى.
بىلدىڭمۇ،
مېنىڭ نېمىشقا قارىغىنىمنى؟
بىلدىم،
يۈزۈڭنى تورىغىنىڭنى.
بىلمىدىم،
بارماق ئارىسىدىن مارىغىنىڭنى.
بۇلبۇلغۇ،
گۈل ئىشقىدا سايرايدىكەن،
بىلەمسەن،
مېنىڭ نېمىشقا سايرىغىنىمنى؟!

### ھەيرانمەن

گۈل لېۋى،
قىپقىزىل گۈلنىڭ لېۋى،
يار لېۋىنىڭ رەڭگى سەن.
سەندە بار خۇشخۇي پۇراق،
يار لېۋى ئوتلۇق بىراق،
شۇ ئوتقا ئامراق پەرۋانىمەن.
بىلەمسەن،
شۇ ئوتتا دائىم كۆيىمەن،

(ۋەلېكىن كۆيمەيدۇيا چىقمايدۇ جان) .
قاچسا ئوت مەندىن يىراق،
يېپىشىمەن چىڭىراق،
ئۆرتىنىپ كۆيگەنسېرى قاقشىسىمۇ تەندە جان .
ھەيرانمەن تاپار ئارام،
بۇ جىنىم شۇ ئوت بىلەن،
پەرۋانە بولۇپ ئۇچقانسېرى،
دەپتىكەن كويۇك يامان .
يېشىدىن ئۆتكەن بىرى .

## ئىككى شېئىر

زۇنۇن رەھىم

### غەيرىتىم

ھەيۋەتلىك دولقۇنلار قەھرىدىن دېڭىز،
ھىلىملا سەل ياساپ تاشىدىغاندەك،
غەيرىتىم بىردىنلا قاناتلىنىدۇ،
بىر ئۇچۇپ چوققىدىن ھالقىيدىغاندەك .
ۋە ياكى باتۇرقۇش بوران - چاپقۇندا
كۆك يىرىپ مەردانە ئىلگىرىلىگەندەك؛
تومۇرۇم قېتىدا غەيرىتىم ھەر ئان
دولقۇنلاپ تۇرماس تىنچ، تاشقۇنلىغاندەك،
غەيرىتىم جۇشقۇنلاپ بولىدۇ چاقماق،
قاباھەت قەھرىنى يارىدىغاندەك؛
شىجائەت، ئىجتىھات مەنزىلگاھىغا
تۇلپاردەك شاشىلىنىپ چاپىدىغاندەك،
غادايغان تاغلارنى كوكۇلىسىدىن،
يۇلغانچە چۆرىسەم ئېتىپ چۆلۈككە .
دەپ تىللار ئىلتىجا ماڭا غەيرىتىم،
ۋە ياكى سالما قىپ ئاتسام پەلەككە .
غەيرىتىم، غەيرىتىم تاغدەك غەيرىتىم
دەرياچە ئۇخچىغان جۇشقۇن غەيرىتىم؛

ئەمەسمۇ ئالەمچە كۆچ بەرگەن ساڭا
مەن سۆيگەن گۈل ۋەتەن تىرىنگىم - بەختىم؟!

دەريالار مەنبەسى ئاقباش چوققىلار،
بولغاندەك، غەيرىتىم مەنبەسى ۋەتەن.
ۋەتەندىن ئۆزگىچە يارىم يوق مېنىڭ،
ئۇنۇڭسىز نە مادار ھەتتا جانۇ - تەن؟!

ھە مانا ئالدىمدا نۇرلۇق ئىستىقبال،
قۇياشتەك پارلىدى، بېرىپ كەڭ ئىمكان.
ئىسلاھات ئىچىدە يۈكسەك غەيرىتىم
قىلىنسا مىڭ چارى دەيسەن نەر ئارمان!

**يۈرىگىم ئوت مېنىڭ ...**

يۈرىگىم ئوت مېنىڭ يالقۇن چاچىدۇ،
ھەر دەقىق سۇقۇشى ھاياتقا سىما.
قەلبىم ئوت ۋە ياكى دومنا پېچ گويا
يۇلتۇزدەك ئۇچقۇنلار چاچقان دائىما.

يۈرىگىم ئوت مېنىڭ يالقۇن چاچىدۇ،
ئىسسىقلىق ھارارەت بېغىشلاپ ماڭا.
دىلىمدا تۇمۇزدەك بولغاچ ئوت تەپتى
سەزمەيمەن زىمىستان ھىدىنى شۇڭا.

يۈرىگىم ئوت مېنىڭ يالقۇن چاچىدۇ،
جىسمىمدا ئاتەشى، قېنىمدا ھەتتا.
ھاياتلىق ناخشىسى بەرق ئۇرىدۇ
ۋەتەن دەپ تەپچىگەن جەڭگىۋار ھېستا.

يۈرىگىم ئوت مېنىڭ يالقۇن چاچىدۇ،
نامايەن قىلىپ ئۇ مەرتلىك ئىپتىخار.
نەدېسەڭ ۋەتىنىم قۇياشلىق ۋەتەن
شۇ ۋەجە جەڭلەردە بولدۇم پىداكار.

يۈرىگىم ئوت مېنىڭ يالقۇن چاچىدۇ،
ئۇ مىنى يىتەكلەر نۇرلۇق ۋىسالغا.
ئىرادەم تۇلپىرى سېرەر مىڭ تىزگىن
غەلىبىلىك ئۆرلەشكە قۇتلۇق نىشانغا.

# مەسەللەر

**تۇراپ دايىم**

### كۆرەڭ پىيالە

(ئا. ھېزىمۋنىڭ، پىيالە بىلەن چەي-نەك، ناملىق مەسىلىنى ئوقۇغاندىن كېيىن.)

كۆرگىنىدە چەينەكنى،
كۆرەڭلىدى پىيالە.
ماختاندى ئۇ:- بولمىسام،
سەن بولاتتىڭ قەيەردە؟
چەينەك ئاڭا چاي بەرمەي،
باقتى يوغان چىنىنى.؟
توزۇندىلار قاپلىدى،
پىيالىنىڭ ئىچىنى،

### ماختانچاق قاغا

ئىچى تېشىم ئاق مېنىڭ،
دەيدۇ قاغا قاقىلداپ.
مازاق قىلىپ كۈلىدۇ،
ئاق قۇچقاچلار ۋىچىرلاپ.

### پاقا بىلەن كۆلچەك

پاقا چىقىپ قىرغاققا ئاستا،
ياراتمىدى كۆلچەك ھەم سۇنى.
ياتتى بىر دەم ئاپتاپتا مەغرۇر،
بىراق چاڭقاش قىينىدى ئۇنى.
ئاتتى شۇدەم سۇغا ئۆزىنى،
كۆلچەك ئاڭا ئاچقاچ كەڭ قۇچاق.
ياراتمىغان كۆلچەك، سۇ ئارا،
ياتتى پاقا گىرە سېپ ئۇزاق.

### توشقانچاقنىڭ غەلىبىسى

قورقىتىپتۇ توشقاننى،
تۈلكە قوغلاپ چاڭگالدا.
توشقان قېچىپ، چۈشمەپتۇ،
تۈلكە سوزغان چاڭگالغا.
تەھدىت سېلىش ھەر كۈنى،
داۋام قىلىپ بېرىپتۇ.
بارا - بارا توشقانمۇ
جاسارەتكە كېلىپتۇ.
توشقان تېپىپ ئەقلىنى،
ئىشقا سېلىپتۇ كۈچىنى،
يېڭىۋاپتۇ ئاخىرى،
كۈچتە غالىپ تۈلكىنى.

### پاقا ۋە پاشا

پاشا ئېيتتى پاقىغا:
- مېنى يەيسەن نېمىشقا؟
پاقا دېدى :- بىلمۇال،
ئارام بەرمەي ھەرجانى،
سەن تىنىمسىز چاققاچقا.

### دۈلدۈل بىلەن تۆگە

تۆگە دەپتۇ دۈلدۈلغا:
- مەندەك يۈگۈر بورغىلاپ.
قويماي. ساڭا كۆيۈنۈپ،
قەدىمىڭنى توغۇرلاپ.
دۈلدۈل دەپتۇ :- ئۆزەڭنى،
تۈزۈپ ماڭغىن سۆرەلمەي.
سەندەك ماڭسام ئۆلەمەدىم،
مەنزىلىمنى كۆرەلمەي.

### كىرپىك بىلەن كۆز

كىرپىك دېدى كۆزگە كۆرەڭلەپ:
- ھوشيار تۇرۇپ قوغدايمەن سېنى.
كۆزمۇ دېدى ئاڭا تەمكىنلىپ:
- ماكان قىلىپ ياشايسەن مېنى.

## ماقال - تەمسىللەر

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ
كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ.
يۇرت تويمىغىچە ئەل تويماس،
ئالدىغا قاراپ يولۋاستىن، كەينىگە قاراپ بۆرىدىن قورقۇپتۇ.
بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس.
بېساتىڭدا نېمە بولسا مېھمىنىڭغا شۇنى بەر.
ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارە.
بارچە گۈنا ئۆزەمدە تۇرۇپ قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي.
ئەسكى جۇۋا يامغۇردا ياخشى.
قوينىڭدىن تامسا قونجۇڭغا.
سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇما.
ئاكاڭ كىمنى ئالسا - يەڭگەڭ شۇ.
قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىپتۇ.
توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر.
باشتا قاتتىق ئىش، ئايغىدا تاتلىق ئىش.
تاي مىنگەن ئادەم ئات مىنىدۇ.
ھوت — كەتمەن سېپىنى تۇت.
ئالدى ئىشىكتىن يىگنە پاتمايدۇ،
ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ.

شېرىپھاجى مۇسا رەتلىگەن

---

بېشى 15 - بەتتە

ئەدەبىي تەھرىر خادىملارنى سۈپەت تەلەـ پى بىلەن ھەقىقىي ئىجادىي سەنئەت تەـ لىپىدە چىڭ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، پروزىمىزدا بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى ئاـ دەم ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى ھەقىقىي ھالـ دا قوللاپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، كىتابخانـ لارنىڭ ئىستېتىك زوقىنى بۇزۇۋېتىدىغان ناـ چار نەرسىلەر بىلەن پروزىمىزنى ئابرويـ سىزلاندۇرىدىغان يارامسىز نەرسىلەرنى ئىلمىي ۋە ئەستايىدىل تەنقىد قىلىپ پروزا ئىجادىيىتىمىزدە دەۋر تەلىپىگە ماس بولغان يېڭى كەيپىيات يارىتىشىـ مىز لازىم. پەقەت شۇ چاغدىلا بىزنىڭ يېڭى دەۋر پروزىمىزنىڭ تەرەققىيات قەـ دىمى تېخىمۇ تېز بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا مۇناـ سىپ ئەمەلىي تۆھپە قوشالايدۇ.

1987 - يىل 15 - ئاپرېل

# تەلەيلىك رەسسام

## (ھېكايە)

سامېرسېت مۇئۇمۇ [ئەنگلىيە]

سەنەۋەر تەرجىمىسى

تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە كۆتەرەڭگۈ كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلىدىغان چارلى باتىرنىڭ ئېۋىرتىلىن بىناسىدىكى ئاددىغىنا رەسىمخانىسى، پارىژ ئاسمىنى سۈزۈلۈپ، ساپ ھاۋا كىشىنى مەسخۇش قىلىدىغان چاغلاردىمۇ ئانچە كۆركەم كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ بۇنداق چاغلاردا سىرتقا چىقىپ ئەتراپتىكى رەستىلەرنى ئايلانغاچ، ئەتتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن كۆكتاتقا ماڭغان چوكانلارنىڭ رۇخسارىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى ئاياللار چارلىغا ھەممىشەم دېگۈدەك ئۇچرايتتى، ئۇلار كەچكى سەيلەگە چىرايلىق ياسىنىپ، پوزۇر چىقىشاتتى، چارلى بولسا ناھايىتى ئاددىلا كىيىنگەچكە ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەكلا چېنىپ قالاتتى.

ئۇلار كۆكتات بازىرىدا ئۇياقتىن بۇياققا قىسىلىپ يۈرۈپ، ئائىلە ئاياللىرىدا بولىدىغان ئالاھىدە بىر خىل دىت ۋە چىۋەرلىك بىلەن كۆكتات سېتىۋالغاچ، قوشنا-قولۇملىرىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلىش ئارقىلىق ئەتەي ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا ئۇرۇناتتى.

شەھەرنىڭ ئەتىگەنكى ھەددىدىن زىيادە قىستا-قىستاڭچىلىقى ئۇنىڭ دىمىنى سىقىپ، كەيپىنى ئۇچۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇ ئۇتقاشتەك شەپەق نۇرىغا ۋە چۇمۇلىدەك مىغىلداپ تۇرغان ئادەملەرگە لىق تولغان پارىژ رەستىلىرىنى سىزماقچى بولغانىدى. ئۇ، زور ئىشەنچ بىلەن بىر ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاخىرى بۇ رەسىمنى پۈتتۈردى.

بىراق بۈگۈن قېرىشقاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىپ ئۇنىڭ بوياقلىرىنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قويدى. ئۇ بىر ئايدىن بۇيان شۇنچە ئەجىر قىلىپ سىزىپ چىققان بۇ ماي بوياق رەسىمگە نەپرەتلىك قاراپ، ئۇنىڭ ئانچە ياخشى سىزىلمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. نامراتچىلىقنىڭ ئۈمىتسىز سوغى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلاتماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا، تېخى يېقىندىلا پۈتتۈرگەن بىر پارچە ئەسىرىگە قارىغىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، تاماكىسىنى قاتتىق-قاتـ

تىق شوراپ، مەيۈس ھالدا پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىراتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يارىماس ئەسىرىنى قىرىپ تاشلاپ كۆزدىن نېرى قىلىش نىيىتىگە كەلدى-دە، قولىغا بەكىسىنى ئالدى.

دەل شۇ چاغ ئىشىك چېكىلدى. رەسسام ئىشىك تەرەپكە قاراپ، «كىرىڭ!» دېدى. ئىشىك ئاستاغىنا ئېچىلىپ، پەيىنەكباش، بويى پاكار بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ، ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقار-غان، قارچۇغا بۇرۇن كىشى بولۇپ، خېلىلا كونىراپ قالغان كىيىم كىيىۋالغان بولسىمۇ بارمىقىغا سېلىۋالغان ئۆزۈكى، گالاستۇكىغا قىسىۋالغان ياقۇت كۆزلۈك مىدالىيونى، پىنجىكى ئالدىغا ئېسىۋالغان ئالتۇن سائىتىنىڭ زەنجىرى... ئۇنىڭ دۇنچىۋالا نامرات كىشىلەردىن ئەمەسلىكىنى نامايەن قىلاتتى.

— پاھ، سىز مىدىگىنىز لىئېر ئەپەندىم، قېنى مەرھەمەت! — دېدى رەسسام خۇشپېئىللىق بىلەن سالاملاشقاچ ئۇنىڭغا ئورۇن كۆرسىتىپ، — سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە ناھايىتى خوشالمەن.

— بۈگۈنكىدەك كۈندە سىزنىڭ رەسسىم سىزىدىغانلىقىڭىزنى خىيالىمىغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن، — دېدى بوۋاي تەكەللۇپ بىلەن. ئۇ، شۇ گەپنى قىلىپلا رەسسىم جازىسىدىكى پۈتمىگەن باشقا بىر ئەسەرنىڭ ئۇجۇر-بوجۇرىگىچە قاراشقا باشلىدى. رەسسام خۇدىكىسىنىپ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلىرىگە زەڭ سالدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچنەرسىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— قانداغراق، قاملاشماپتىمۇ؟! — سورىدى چارلى.

— سۆيۈملۈكۈم، سىلەر — ھازىرقى زامان ياشلىرى بەك ئىرادىسىز، بوشاڭ كېلىسىلەر. سىلەرنىڭ رەڭ، بوياق ۋە قەلەمنى قولغا شۇنداق بىر ئېلىپلا ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئاجايىپ مۆجىزىلىك كاتتا رەسىملەرنى سىزىۋاتقۇڭلار كېلىدۇ. ئەمما، پىشقەدەم ئۇستازلارمۇ ئۇنداق ئالدىراقسانلىق قىلغان ئەمەس. سىز ۋاساليىنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر ئوقۇپ باققان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئەستايىدىللىق بىلەن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭىز.

چارلى باتىر قولىدىكى بەكىنى بىر چەتكە چۆرۈۋېتىپ غەزەپ بىلەن:

— رەسسام بولمەن دېگۈچە كوچا سۈپۈرگۈچى بولغان تۈزۈك ئوخشايدۇ، — دېدى زەردىسى قايناپ، — بىلىسىڭىز، مېنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشۇم ئىت-چۈشقىنىڭكىدىنمۇ بەتتەر. مەن بۇ چاققىچە شۇنچە ئېتىشىپمۇ بىرەر پارچە رەسىمنى كۆڭۈلدىكىدەك سىزىپ چىقالمىغىنىمنى بىلمەيمەن. شۇنداق ئىكەن ئۇنى خەققە بىكارغا بەرسەممۇ ئالاتتى دەمسىز.

بوۋاي پىنجىكىنىڭ يانچۇقىدىن چىرىكىپ بولمىغان بىر تال تاماكا قالدۇقىنى ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئېغىر

بېسىقلىق بىلەن قاتتىق شوراپ، ئىسلىرىنى هاۋاغا ئاستا پۈدەيتتى. ئۇ، ئۆز هاياتىدا نۇرغۇنلىغان رەسساملار بىلەن تونۇشقاشىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىسمەن رەسساملارنىڭ سىزغانلىرى نەتىجىلىك بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ نەتىجىسىز. رەسسام هەر قانچە تەلەيلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەمگىكى بىر خىل ئاجايىپ جاپا-مۇشەققەتلىك سىناق. هەتتا تەبىئىي تالانت ئىگىسىنىڭمۇ هالى خاراب بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. كىشىلەر تاكى ئۇنى ئېتىراپ قىلغانغا قەدەر، ئادەتتىن تاشقىرى هەسرەت-پىغانلار تۈپەيلى ئۇ تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بوۋاي رەسساملارنى ياخشى كۆرەتتى هەم ئۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلىش بىر خىل پەخىرلىك ئىش هېسابلايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق بولىشىمۇ هېچبىر ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى، لىئېر ئەپەندى رەسىم سودىگىرى بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا هەددى-هېسابسىز بايلىق كەلتۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇ بىر چاغلاردا تەسىراتچىلارنىڭ رەسىملىرىدىن كۆپلەپ پايدا چىقىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن بۇرۇن پەملەپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق هالدا سېتىۋېلىپ ئوبدان ساقلاپ قويغان. باشقىلار مانىت، مونىر، شىسلىلارنىڭ هەممىسى ئۇلۇغ رەسساملاردىن ئىكەنلىكىنى بايقىغاندا، ئۇ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ يۇقىرى باهادا ساتقان ئىدى.

ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا قىزى بولۇپ، ئۇ نيۇيۇركتىكى بىر رەسىم سودىگىرىگە ياتلىق قىلىنغانىدى. لىئېر ئەپەندىم بولسا ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز، بويتاق ياشايتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنىڭ خاتىرجەم، ياخشى ئۆتۈشىگە ئىشەنچى تولۇق ئىدى.

ئۇنىڭ ئېسىگە گاهىدا بەزى رەسساملار كېلىپ قالاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرزان باهادا سېتىۋالىدىغان چۆپچىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ يېقىن دوستىمۇ ئىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىسا، شاتلىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالاتتى ۋە ئاشۇ داڭلىق رەسساملارنىڭ رەسىمخانىسىغا بىمالال كىرىپ-چىقالىغانلىقىغا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك هېسابلايتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، چارلى باتىرغا ئوخشاش بىر رەسسام بىلەن قانداقلا بولمىسۇن خېلى يېقىن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەپلىك شارائىت ئاستىدا، ئۇنىڭ بىلەنمۇ چوڭقۇر تونۇشۇۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ، قويغۇسى كېلەتتىمۇ.

ياش رەسسام بۇ بوۋاينىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئاجايىپ رومانتىك تۇرمۇشىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. رەسىم سودىگىرىنىڭ هال سورىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپ قوياتتى. لىئېر ئەپەندىنىڭ كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسىدىن، ساپ سەممىيەت ئۇچقۇنلىرى چاق-

نايتتى. چارلى ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ قانداقتۇ قەدىناس دوستلىرىدەك يېقىن ھېس قىلىپ، ئۆز دەرد - ئەلەمى ۋە ئارزۇ - ئارمىنىنى سۆزلەپ بەرگەنەدى. بوۋاي تىكەندەك يالغۇز ياشىغاچقىمىكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ياش رەسسامنىڭ يېقىن سىرداشى بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى رەسىم سودىگەرلىك ھاياتىدىنمۇ بەزگەن ھەم ئۇ ئىشتىن ئۇزۇل - كېسىل قول يۇيۇشقە تەكەنىدى. ئۇ، بۇ دوستىغا ھېسسىداشلىق قىلاتتى، ئىچ ئاغرىتاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرى دېگۈدەك ئۇنىڭ دىتىغا ياقمايتتى.

— قارىغاندا، سىزگە بىرەر پىشكەللىك كەلدىمۇ - قانداق؟ — دېدى بوۋاي چارلىغا.

— مەن، سىزنىڭ ياش ۋاقتىلىرىڭىزدا ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشىڭىزغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىمەن، — رەسسام كولۇپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى، — ماڭىمۇ راستلا شۇنداق كۈن نېسىپ بولسا، ھېچ بولمىغاندا ئۆي ئىجارىسى تۆلەشتىن قايغۇرمىغان بولاتتىم.

— بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ھەرگىز رەسىم سودىگىرى بولمايدۇ. بىزلەر ئۇقەت قىلغان ۋاقىتلاردا، كىشىلەر ناھايىتى ئىنساپلىق ئىدى. لېكىنزە، ھازىر كاززاپلىق بازار تېپىپ قالدى، — دېدى لېمىر ئەپەندىم سەممىيلىك بىلەن.

— مېنىڭ ئەمدى ھايات كەچۈرەلىشىمگە ھېچقانداق ئامالىم قالمىدى. ئەتىلا ئۈچ يۈز فرانك ئۆي ئىجارىسي تۆلىشىم كېرەك، ئەمما مەندە پۇلغا چۈشلۇق ھېچنەرسە يوق ياكى رەسىملىرىم بىر نەرسىگە يارىمايدۇ.

لېمىر ئەپەندىم، ياش رەسسامغا ئىچىنەغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى. چارلى بولسا ئىسىل رامكىغا ئېلىنىپ تام مەش ئۇستىگە ئېسىپ قويۇلغان گۈزەل بىر قىزنىڭ رەسىمگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن بۇگۈن روسسانىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزنىڭ توي قىلىشىمىزغا قەتئىي قوشۇلمايدىكەن. ئۇلار: «ئۇنىڭ پۇل تاپالىشىغا كۆزىمىز يەتمەيدۇ» دەپتىمىش.

— قىز ئۆزى نىمە دەپتۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە ماقۇل بوپتىمۇ؟

— ئەلبەتتە ماقۇل بولمايدۇ - دە! — چارلى دانە - دانە قىلىپ سۆزلەيتتى، — ئۇ ماڭا چەكسىز ئىشىنىدۇ. بۇ، مېنى ساقلاش، كۈتۈش دېگەن سۆز. بىراق، ئۇ مېنى يەنە داۋاملىق ساقلاۋەرسە، بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز كۈتۈش ئىچىدە غازاڭ بولۇپ تۈگمەمدۇ؟!

ئۇ، ئېغىر خورسىنىپ چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆمدى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ سورىدى:

— سىز نىمە شەرت ھازىرلىسىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ توي قىلىشىڭىزغا قوشۇلىدىكەن؟

— قارىماسىز، روسسانىڭ دادىسى بەش مىڭ فرانكلىق توي لۇق سالغانمىش. ئەگەر، پات ئارىدا بۇ پۇللارنىڭ

ئېيىنى قىلالمىسام، بىزنىڭ تـوي قىلىـ-
شىمىز مۇمكىن ئـەمەسكـەن. مېنىڭمـۇ
ئەسلىدە روسسانى ھەرگىز نامراتچىلىقتا
تاشلاپ قويغۇم يوقتى.

ھەر ئىككىيلەن جىمجىت بولۇپ قېلىشـ-
تـى. بىر پـەس جىملىقتىن كـېيىن، لېئىـر
ئەپەندىم يەنە سۆز ئالدى:

— سىزمۇ بىلىسىز، مېنىڭ كويئوغلۇم
نيۇيۇركتىكى ۋاقتىدا رەسىم سـودىگىرى
ئىدى. مەن بولسام، بـۇ ئىشنى ئىككىنـ-
چىلەپ قىلماسلىقتا قەسەم ئىچىۋەتكەن.
شۇنداقتىمۇ، دوستلۇق يـۈزىسىدىن قـو-
لۇمدىن كېلىشىچە سىزگە ياردەم قىلىمەن.
قېنى، سىز ئالدى بىلەن ئەسەرلىرىڭىزنى ماڭا
بىر كۆرسىتىپ بېقىڭ، ئـاندىن يـاراپ
قالسا ئۇلارنى تاللاپ كويئوغلۇمغا ئەۋە-
تىپ بېرەي. ئـۇ، ئـامېرىكىدا چـوقـۇم
گەپ - سۆزسىز ساتالايدۇ.

— سىز نىمە دېگەن ياخشى - ھە؟! —
دېدى چارلى شادلىقتىن ۋاقىراپ دېگۈ-
دەك ئۈنلۈك قىلىپ.

بوۋاي، ئولتۇرغان ئورنىدىن بـوشقىنا
بىر قوزغۇلۇپ ئۆزىنى سەل رۇسلىۋالدى.
چارلى رەسىملەرنى تېزلىك بىلەن بىر -
بىرلەپ ئېلىپ رەسىم جازىسىغا قويۇشقا
باشلىدى. لېئىر ئەپەندىم ھەربىر پارچە رە-
سىمگە سوغاققانلىق بىلـەن قاراپ لام - مىم
دېمەستىن جىمجىت ئـولتۇراتتى. ئـۇنىڭ
شۇ تۇرقى تازا پىششقان رەسىم سودىگى-
رىنىڭ نەق ئۆزىگىلا ئوخشاش بـولـۇپ،
ھېچقانداق ئىپادىسىز چىرايىدىن قايسى
رەسىمنىڭ يېقىپ، قايسىسىنىڭ يـاقمى-

خانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئەمدى تۈگىدى، — دېدى چارلى
ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە رەسىمنى بـو-
ۋايغا كۆرسىتىپ، — سىزچە، ئامېرىكىلىق-
لار بۇ رەسىملىرىمنى ئالارمۇ؟ مەن ئۇ-
نىڭ بىلەن توي قىلالارمەنمۇ؟

— مۇنۇ تۇرغىنى نىمە؟ — بوۋاي سو-
ئالغا جاۋاب بەرمەستىن، بارمىقى بىلەن
رەسىمنى كۆرسىتىپ سورىدى. چـۈنكى،
چارلى باياتىن بېرى ئۇنى بوۋايغا كۆر-
سەتمىگەنىدى.

رەسسام ئۇنىمۇ ئېلىپ رەسىم جازىسى-
غا قويدى. لېئىر ئەپەندىم تېزلىك بىلەن
ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى،
ئـاندىن بىر نـەرسىنى تەستىقلىغاندەك
بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ۋالد، — دېدى ئـۇ ئورنىدىن تـۇ-
رۇۋېتىپ ياڭراق ئاۋازدا، — سىز بـۇنـى
نەدىن تاپقانتىڭىز؟ سىزدە ۋالدنىڭ رەسـ-
مى تۇرۇۋقلۇقمۇ ئۆزىڭىزنى نادىرات دەپ
قاخشاپ يۈرگىنىڭىزنى قـاراڭ. ئـەگـەر
ئۇنى ساتىدىغان بولسىڭىز، بىر ئـەمەس
ئىككى نۆۋەت توي قىلسىڭىزمـۇ يېتىـپ
ئاشقۇدەك پۇلغا يارايدۇ.

— سىز ئۇنى يېڭىباشتىن ئەستايىدىلـ-
راق كـۆرۈپ بېقىڭ، — چـارلى مېيىقىدا
كۈلۈپ قويدى.

بوۋاي بۇ ماي بوياق رەسىمنىڭ ئالـ-
دىغا يېقىن كېلىپ، سىنچىلاپ قـاراشقـا
كىرىشتى.

رەسىمدە، كۆل بويىدا چىرايىدىن كۆلكە
ياغدۇرۇپ تۇرغان بىر توپ ئاياللار تەبـ-

ۋىرلەنگەنىدى. بۇ سالاپەتلىك ئايالار
ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى كۈچلۈك
بولغان چوقۇنغۇچىلىرى بىلەن
شېئىر ياكى سىرۋىنى خانىمىنىڭ
ئىشقىي مەكتۇپلىرى ھەققىدە قىزغىن
بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.
ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى تېپ - تېنچ تۇرغان
زەڭگەررەڭ كۆل سۈيىدە، مامۇقتەك ئاپ-
ئاق بۇلۇتلارنىڭ شولىسى ئەكس ئېتەت-
تى. ئالتۇنرەڭ دەل - دەرەخلەر كىشىگە
ئىختىيارسىز ھالدا كۈز پەسلىنى ئەسلە-
تەتتى. كۆلدىن خېلىلا يىراقتا بولغان
ياپ - يېشىل كاۋچۇك دەرىخى ۋە قار-
ياغاچلار بولسا، بۇ مەنزىرىگە تېخىمۇ
لېرىك بىر تۈس بەخش ئەتكەنىدى.

— بۇ ۋالد نىڭ كەمدىن - كەم تېپى-
لىدىغان ئىمزالىق ئەسىرى ئىكەن. بۇ
خىلدىكى رەسىملەرنى مەن ئانچە - مۇنچە
كۆرۈپ باققانىدىم، — دېدى بوۋاي.

— بەك ئاشۇرىۋەتتىڭىز، — چارلى بىر
خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ئىللىق
تەبەسسۇم بىلەن سۆزلەيتتى، — بۇ، پۈ-
تۈنلەي تەقلىدىي ئەسەر، ئەينى رەسىم
ئەنگىلىيەلىك بىر ئايالنىڭ قولىدا ئى-
كەندۇق، يۇلتۇر توختىماي يازىچە يام-
غۇر ياغقاچقا، مەن ھەمىشەم ئۇ ياقلارغا
بېرىپ كۈن ئۆتكۈزگەچ ۋالد نىڭ بۇ رە-
سىمىنى تەقلىد قىلىپ سىزىۋالغانىدىم.
ئاز - تولا بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالغان
چېغى، ئەتىمالىم.

— يالغان مەدەنىي يادىكارلىق؟! —
بوۋاي رەسسامنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمە-
گەندەك تېرىكىپ سوراشقا باشلىدى، —
بۇ يالغان مەدەنىي يادىكارلىق دېيىلسە،
ئەسلى رەسىم ھازىر نەدە، كىمنىڭ قو-
لىدا؟

— ئۆزىڭىز قېرىغان بىلەن ئەقلىڭىز
قېرىماپتۇ - دە! — دېدى چارلى كۈلۈپ، —
ئەپسۇس، مەن مۇشۇ رەسىمنى پۈتتۈرۈپ
بىر ئايدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە
ئوت كېتىپ ھەممە نەرسىلەر پۈتۈنلەي
كۆيۈپ تۈگىدى.

بوۋاي بىلىنەر - بىلىنمەس بىر ئۇھ
تارتىپ قويۇپ نىمىنىدۇر بىر پەس ئوي-
لىۋالغاندىن كېيىن، سىنچى كۆزلىرىنى
چارلىغا تىكىپ:

— سىز ھېلى ئېيتتىڭىز، ئۆي ئىجا-
رىسىگە ئۈچ يۈز فرانك تۆلەيدىكەنسىز.
مۇنداق بولسۇن، بۇ تەقلىدىي ئەسىرى-
ڭىزنى مەن سېتىۋالاي، — دېدى.

— بۇ قانچىلىك بىر نەرسە، بولدى،
لازىم قىلسىڭىز بىكارغا ئېلىپ كېتىۋېرىڭ.

— ئەخمەقلىق قىلماڭ، سۆيۈملۈكۈم! —
لىر ئەپەندىم يانچۇقىدىن ئۈچ يۈز فرانك
چىقىرىپ ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپ سۆز-
لىدى، — قېنى ئەمىسە، ھۆججەتتىن بىر-
نى يېزىۋېتىڭ!

چارلى ھازىر پۇلغا ئېھتىياجلىق بول-
غاچقا، تۇرۇپ تەۋرىنىپ قالدى. ئۇ،
ئىككى يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ، ھۆج-
جەت يېزىش ئۈچۈن ئۈستەل ئالدىغا
كېلىپ ئولتۇردى. ئەمما، شۇ ھامان ئۇ-
نىڭ كاللىسىغا بىر خىل شۈبھىلىك خى-
يال كېلىپ قالدي:

— سىز بۇنى ئېلىپ كۆز بوياماچىلىق قىلمايدىغانسىز؟ مۇبادا سىز بۇ تەقلىدىي رەسىمنى ئەينى رەسىم ئورنىدا ساتماسلىقتا كاپالەت بەرمىسىڭىز، مەن بۇنى سىزگە ساتمايمەن.

— بۇ ھەقتە ھازىرلا سىزگە كاپالەت بېرىمەن، — دېدى بوۋاي ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن، — ۋالدىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان يەرگە بوياق بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قويۇڭ.

چارلى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى ۋە:

— بۇ مېنىڭ سىزگە ئىشەنمىگەنلىكىم ئەمەس، ھەر ھالدا سودىگەرلىك خۇمارى سىزنى ئېزىقتۇرۇپ سالامسۇن دەيمەن، — دېدى — دە، ھۆججەتنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقازدى. لىر ئەپەندىم قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ھۆججەتنى يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ھېلىقى تەقلىدىي ئەسەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاچ:

— بۇنى ئېلىپ كەتتىم ئەمىسە، قالغان رەسىمنى پوچتىدىن ئەۋەتىمەن، — دېدى. ئۇ، ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى:

— سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، مەن بۇنى كويېوغلۇم — رودىنىغا خەۋەر قىلىمەن. ئۇ، مېنىڭ گېپىمنى يېرمايدۇ. ناۋادا، ئىشىمىز ئەپلىشىپلا قالسا مەن بىرەر ئايلاردىن كېيىن كېلىمەن، شۇ چاغدا مەن سىزگە، ئەمدى بىمالال توي قىلىۋېرىڭ دېسەم ھەرگىز ھەيران بولۇپ يۈرمەڭ - يەنە!

بوۋاي ئۆيىگە بېرىپلا ئۇ رەسىمنى ياخشى ئوراپ، نيۇيوركتىكى كويېوغلىغا دەرھال ئەۋەتىۋەتتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ رەسىم ئەۋەتكەنلىكى، شۇنداقلا ئۇ بېسىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قانچىلىك ھەق بېرىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار توغرۇلۇق قىسقىچە قىلىپ خەتمۇ يازدى.

گۈگۈم چۈشتى. ئۇ، ئادىتى بويىچە قەھۋەخانىغا بېرىپ، بىر ئىستاكان كونياك ئىچتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە بىر پارچە تېز خەت يازدى. ئۇ مۇنداق يېزىلدى:

«نيۇيورك تامۇژنا رەھبىرىگە:

پەقىر، جانابىي ئالىيلىرىغا شۇنى خەۋەر قىلىمەنكى، مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مەلۇم بىرسى ۋالدىنىڭ بىر پارچە ھەقىقىي ماي بوياق رەسىمىنى سىلەر تۇرۇشلۇق تامۇژنا ئارقىلىق ئېلىپ كەتمەكچى، ئۇ رەسىم چارلى باتېر نامىدا ئەۋەتىلىدۇ. ئەگەر، سىز مۇشۇ ئىسىمنى قىرىۋەتسىڭىز ئۇنىڭ ئاستىدىكى مەشھۇر فىرانسىيە رەسسامىنىڭ مۇبارەك ئىمزاسىنى كۆرەلەيسىز. مەن بۇ ئەرزىمەس خېتىم ئارقىلىق سىزنىڭ مۇۋاپىق چارە - تەدبىر قوللىنىشىڭىزنى سەمىمىيلىك بىلەن تەۋسىيە قىلىمەن.

خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا دائىم تەييار

تۇرغان ساپ دىل كىشىڭىزدىن.»

بۇ خەت ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغىماي قالمىدى. نەتىجىدە، رودىن بۇ يەرگە رەسىمنى ئالغىلى كەلگەندە، ئۇلار ئۇنىڭغا تەدبىر قوللاندى. ئۇ، ئۇلارنى ئىشەندۈر-

مەكچى بولۇپ، بۇ تەقلىدىي ئەسەر، ئېيت-
قاندەك قانداقتۇر ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۆزى
ئەمەس دەپ چارلى باتېرنىڭ ئىسمىنى
ئىسپات قىلىپ تۇرۇۋالدى (لىر ئەپەندىم
خېتىدە بولار توغرۇلۇق ئەسكەرتكەنىدى)
ئەمما، تاموژنا خادىملىرى ئۇنىڭ گې-
پىنى ئاڭلاپمۇ قويمىدى. بۇنداق قۇۋلۇق-
شۇملۇقلاردا ئۇچىغا چىققان ئاسارە-ئە-
تىقە سودىگەرلىرى تاموژنا خادىملىرىنى
پات-پاتلا ئالداپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار
كۆپ ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇلار قىلچە
رەھىم قىلماستىن ئۇنى يۈزىدىن-يۈزىگە
مازاق قىلىشتى.

— ئەلۋەتتە بىز ھەممىدىن خەۋەر
تاپتۇق. ھازىرقى رەسسامنىڭ ئىسمى ئاس-
تىدا ۋالدىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان
ئىمزاسى بار دېسەك، سىز ھاڭ-تاڭ قا-
لارسىز؟ — تاموژنا خادىمى مەسخىرىلىك
كۈلۈپ قويدى.

— مەن ھەقىقەتەن ھاڭ-تاڭ بولغى-
نىمدىن نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.

تاموژنا خادىمى رودىنغا بىر ئېغىزمۇ
گەپ قىلماي، چارلى باتېرنىڭ ئىسمىنى
قىرىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى فران-
سىيە رەسسامىنىڭ ئىسمى ئېنىق كۆرۈندى.

— ئەمدى سىز تالاشقۇدەك يەنە نىمە
ئىش قالدى؟! — تاموژنا خادىمى ئۆز ئى-
شىدىن مەغرۇرلىنىپ سورىدى.

رودىننىڭ كۆزىگە بىردىن قاراڭغۇچى-
لىق تىقىلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ
ئۇ قېپىنى ئاتىسىنىڭ نەيرەڭلىرىنى چۈ-
شىنەلمىگەن قىياپەتتە، ئۆز ھەيرانلىقىنى
ئىپادىلەپ ئىككى قولىنى چىقىرىپ ئېچىپ
قويدى. لېكىن ئۇ تاموژنا خادىملىرىنى
ئالدىغىنى ئۈچۈن بىر مۇنچە باج ۋە جې-
رىمانە تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت
شۇندىلا ئۇ رەسىمنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق
بولالىدى. رودىن كەچتە ئۆيىگە بارغان-
دىن كېيىن ئايالىنى قوپاللا سۆيۈپ
قويدى.

— سېنىڭ داداڭ ئاۋالقىدەكلا ياۋروپا بو-
يىچە ئەڭ مەككار ئوقەتچى ئىكەن، —
دېدى ئۇ ناھايىتى رەللە بولۇپ.

ئايالى بۇنداق دېيىشىنىڭ سەۋەبىنى
سورىغانىدى، ئۇ زورىغا كۈلۈپ بېشىنى
مەسخىرە ئارىلاش چايقاپ قويدى.

بۇ ئىش بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ھەممە
يەرگە پۇركەتتى. نيۇيوركتىكى پۈتكۈل
گېزىت-ژورناللارنىڭ تەھرىر-مۇخبىرلى-
رى بۇ خەۋەرنى بەس-بەس بىلەن ئې-
نىقلىۋېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىك-
كىنچى كۈنى، خېلى ئاتىقى بار سودىگەر
رودىن دېگەن بىر كىشى پۈتۈن ماھارى-
تىنى ئىشقا سېلىپ قانۇنسىز ھالدا ۋالدى-
نىڭ بىر پارچە نادىر ئەسىرىنى ئېلىپ
كەلگەن دەپ خەۋەر باستى.

شۇنىڭدىن كېيىن دەرھاللا خېرىدار
چىقتى.

بىر مىليونېر، سەنئەت پېشۋاسىنىڭ
بۇ ئەسىرىنى سېتىۋالماقچى بولۇپ رو-
دىننىڭ دۇكىنىغا كەلدى. ئۇ، رەسىمنى
كۆرۈپلا بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك خو-
شال بولۇپ كەتتى.

— سىزنىڭ تەۋەككۇلچىلىكىڭىزگە راستلا

مەسلىكىم كېلىۋاتىدۇ، — ئۇ ئۆزىنىڭ خوشاللىقىنى سىغدۇرالماي بولۇشىغا كۈلەتتى.

— مەن ئەسلىدە خېلى ئىلگىرىلا بۇ رەسىمنىڭ ئىمزاسىنى تەكشۈرۈپ باققانىدىم، — رودىن يەلكىسىنى قىسىپ قويدى، — بۇنداق نادىر ئەسەرلەر ئاللىقاچان پارىژدا سېتىلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا مەن تېخى بۇنى تەقلىدىي ئەسەر دەپلا سېتىۋېتەي دەۋاتاتتىم.

— سىزمۇ بىلىسىڭىز كېرەك، سامۇ تاغامنىڭ تامۇژناسى ناھايىتى ئىنچىكە. مەن بۇ رەسىمىڭىزگە بەش تۈمەن ئامېرىكا دوللىرى بېرەي.

— ياق، ئالتە تۈمەن ئامېرىكا دوللىرى بېرىڭ.

— بۇ ئەسەرنىڭ نەرقى ئاز ئەمەسكەن، خەير، بوپتۇ شۇنداق بولسىمۇ ئالسام ئالاي.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن لېر ئەپەندىم ياش رەسسامنى يەنە ئىزدەپ كەلدى.

ئۇ، ئۈن - تۈنسىزلا بىر دۆۋە پۇللارنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويغاندا، چارلى ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي ئەجەبلىنىش ئىچىدە سورىدى:

— بۇ نېمە ئىش، سىز نېمىشكە بۇلارنى ماڭا بېرىسىز؟

— بۇ بەش مىڭ فرانك، — دېدى بوۋاي چۈشەندۈرۈپ، — مەن بۇ پۇللارنى سىز ئۈچۈن ئالماشتۇرۇپ كەلدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار، بۇ سىزنىڭ ھېلىقى رەسىمىڭىزنىڭ پۇلى بولامدۇ.

چارلىنىڭ بۇنىڭغا ھېچبىر ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بوۋاي ئۇنى مازاق قىلىۋاتمايدىغاندۇ؟

ئەمما بوۋاي ئاۋالقىدەكلا سەمىمىي بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنداق مەنانى زادىلا تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ، ئۆز ئىشىدىن ھۇزۇرلانغاندەك ئىككى قولىنى دەممۇ - دەم ئۇۋۇلاپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ تۇرغان ياش رەسسامغا تىكىلىپ تۇراتتى.

ئۇ، بىر دەمدىن كېيىن ئىشنىڭ جەريانلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى، چارلى بۇلارنى ئاڭلاپ، بىر كالىفورنىيەلىك سودىگەر قانداقسىگە مېنىڭ بۇ رەسىمىمگە قىزىقىپ قالدىكىن دەپ ئويلىدى. چارلى، مال تونۇيدىغان ۋە سەنئەتنى قەدىرلەيدىغان بۇ سودىگەرگە خەت يازغۇسى، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇسى كەلدى. لېكىن، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك قىلاتتى. سەۋەبى، كالىفورنىيەلىك بۇ ئادەم رەسىمنى سېتىۋالغاندا ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى قالدۇرمىغانىدى. لېر ئەپەندىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئامېرىكا مىليونېرلىرى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق غەيرىي قىلىقلىرى بىلەن داڭ چىقارغانمىش.

— بۇ پۇللارنى دەرھال بانكىغا سېلىۋېتىڭ، — دېدى بوۋاي مەسلىھەت تېرىقىسىدە، — روسا غىنىمۇ تېزدىن تېلېگرام

سېلىۋېتىلىك!

ئۇ، شۇ سۆزنى قىلدى - دە، ئۇستەل ئۇستىدىكى پۇللارنى سېرىپ ئالغاندىن كېيىن، ردىسامىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى، ئاندىن بىرلىكتە كوچىغا چىقتى. چارلى كېتىۋېتىپ گويا چۇش كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. بوۋاي ئۇنى بانكىغا يولغا سېلىپ قويۇپ، قانداقتۇر بىر پالاكەتچىلىكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك كەيپىيات ئىچىدە ئاستا ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ، ئۆيىگە كېلىپ ئالدى بىلەن چارلىنىڭ رەسىملىرىنى ئىشكاپتىن ئالدى، ئاندىن ئۇنى رامكىلىرىدىن ئاجرىتىپ تام مەشكە تاشلىغىلى تۇردى.

بوۋاي، يېلىنجاپ تۇرغان ئوت ئىچىدە رەسىملەرنىڭ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، نىمىشقىدۇر كۆڭلى يايراپ كەتتى.

بوۋاي بۇ رەسىملەرنى كۆيدۈرۈپ بولۇپ، رامكىلارنى پالتا بىلەن زېرىكمەستىن ئۇششاقلاشقا تۇتۇندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايال خىزمەتچىسى كىرىپ ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

لېر ئەپەندىم پىخىلداپ كۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— بۇلارنى ئوتۇن قىلىپ قالدۇۋېتىش كېرەك.

## ئەستە تۇتۇش

(يۇمۇر)

فىرانكلىن سائەت سەككىز يېرىمدە بىر كېچىلىك زىياپەتكە قاتناشماقچى ھەم بىر كونا سەپدىشىنى كۆرگىلى بارماقچى بوپتۇ. ئۇ كونا ھەربىي كىيىملىرىنى كىيىپ ھەربىيچە ئايىغىنى ئىزدەۋاتقاندا قولى ئىختىيارسىز يانچۇقىدىكى بىر پارچە قەغەزگە ئۇرۇلۇپتۇ. ئۇ قەغەزنى ئېلىپ ئايالى مارىيەگە كۆرسەتكەندە:

— موزدوزنىڭكى، سەن ئاياق ياماتقىلى بەرگەندە ئالغان ھۆججىتىڭ — دەپتۇ.

— توغرا، - دەپتۇ فىرانكلىن: — مەن ئويلاپ تاپتىم. ھېلىقى موزدوزنىڭ ھۆججىتى. مەن بىر ۋاقىتلاردا ياماتقىلى بەرگەن ئۇ چوقۇم موزدوزنىڭ يېنىدا بار.

مارىيە كۈلۈپ كېتىپ:


— ئاياق ئاللىقاچان يوق، توپ - توغرا يىگىرمە سەككىز يىل بولغان تۇرسا يەنە كەپ ئۇ يەردە تۇراتتىمۇ؟ — دەپتۇ.

فىرانكلىن موزدوزخانىغا كېلىپ قارىسا بىر قېرى بوۋاينىڭ ئاياق ياماۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. فىرانكلىن:

— ھەي مېنىڭ ھېلىقى ئايىغىم بارمۇ؟ سەن بىر ۋاقىتلاردا ياماتقان، مانا بۇ ئاياقنىڭ ھۆججىتى — دەپتۇ

— ئاياق بارئەمما تېخى يامالماپتۇ، كېلەر ھەپتە يەنە كېلىپ ئەكېتىڭ — دەپتۇ بوۋاي ئۇنىڭغا

سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلدۇ،
بىلىم ئال سائادەت يولىنى ئاچ.





تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

كىم ئاقىل ئادەم بولسا بىلىمگە يېقىن
قىلىپتۇر بىلىملىكنى ئۆزىگە يېقىن

«قۇتادغۇ بىلىگ» دىن

ئۆمەرجان قاسىمنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

## شەرەپ مۇنبىرى



ۋەتەنپەرۋەرزات ئابدۇمەجىت ئاقتاش يازغۇچىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بىز ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پەزىلىتىگە ۋە خالىسانە ياردىمىگە تەشەككۈر ئېيتىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى





## سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يەككە دوختۇرلار ۋە دورىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ياش تېۋىپ خالىقجان غوپۇرنىڭ خانتەڭرى جامەسى ئالدىدىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى ئاق مەسجىتنىڭ ئۇدۇلىغا كۆچتى. بۇ شىپاخانا شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى ھەمدە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. بىر تۇتاش تارقىتىلغان ئاتچوت تالونى ئىشلىتىدۇ. شىپاخانىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ ئۈچ ئەۋلات كەسپى مىراسقا ئىگە. بىر قەدەر مۇكەممەل دورا رېتسېپلىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرى بار.

داۋالايدىغان كېسەللەرنىڭ تۈرى تۆۋەندىكىچە:

ئېرۋا ئاجىزلىق، ئاياللار تۇغماسلىق كېسىلى. قۇلاق ئاغرىش، غۇڭۇلداش، تىل ئېغىرلىقى، زىققى نەپەس، (چىگويەن) كېسىلى، ئۆپكە كېسىلى، يۈرەك ئېغىپ سېلىش، يۈرەك ئاجىزلىق كېسىلى، قان بېسىمى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پالەچ كېسىلى، قىزىل قان تومۇرى قېتىش، ئاق قان دانچىلىرى كۆپىيىپ كېتىش. ئاشقازان: ئاشقازان كۆپۈپ قېلىش، ئاشقازان ئاغرىش، ئاشقازان يەل كېسىلى، ئاشقازان يارىسى، تاماق سىڭدۈرەلمەسلىك. جىگەر كېسىلى: ئۆت كېسىلى، تال كېسەللىرى. قانلىق تولغاق، بۆرەك: قەن سىيىش، قول، پۇت، بەل ئاغرىقلىرى: بوغۇملارنىڭ سىقىلىپ ئاغرىش جىنسى ئاجىزلىق، جىنسى ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقى، جىنسى ئەزا بوشاپ قېلىش، جىنسى ھەۋەسنىڭ كۆپ بولۇشى، مەنىيى تېز كېتىش، قانلىق مەنىيى كېلىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، ئۇرۇق پۇچەك بولۇش قاتارلىق كېسەللەر. ئاياللار كېسىلى، تۇغماسلىق بويىدىن كۆپ ئاجراپ كېتىش، قىزىل خۇن كۆپ كېلىش، خۇن كەلمەسلىك ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىق كېسەللەر. چاشقان يارىسى، تاز، موتۇر، قىچىشقاق، تەمرەتكە، سۆگەل، قاداق، سەپكۈل، باش كېپەكلىشىش، چاچ چۈشۈش، چاچ ئاقىرىش، يۈز ۋە پېشانىگە ۋرۇق چۈشۈش، سېمىزلىك ۋە ئورۇقلۇق كېسىلى، سېسىق تەرلەش، پۇت، ۋە قولتۇق ئېغىز پۇراش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالايمىز.



ئېنىقى ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئازاتلىق يول 122-نومۇر

**ھۆسنخەت**
**ئەسەرلىرىدىن تاللانما**
**مۇھەممەد ئىدرىس ياغان**

ئاي ئوقۇما قىلىق ئازتۇ تۇغۇلغاندىن تا ئۆلگىچە،
ئاي دۇنيادا ئىززەت تىلىك، ئاخىرەتتە تىشرە يىلىك.

ھەدىستىن پەلىندى

ئەقىل بىلەن ئىش ئاتاسى ئۇ كىشى، بىلىم بىلەن كىلە قىلۇر ئىشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

نېمە دېدۇ ئاڭا بىلىملىك كىشى،
جاھاندا ئىسنا ئالغان ئېپىلگەن ئىشى:
بىلىمگە تۆردە ئورۇن بولسا گۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.
بولۇپ قال پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تەۋنىڭ ئىلىك بورۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىلىم ئۇچۇن
ھەققە
ئىلىم ھىممەت

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

نېمە دېدۇ شۇ ئالىم، ئاڭلىغىن،
يۈسۈپ ئۆز ئۆگىنە سەبەب ئاللىغىن:
قانۇنى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى،
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.
يامان تۈزسە قانۇن كىم ئۆزدە شۇ ردە،
يامان ئاتقۇ يا ئۇ ئۆزى كەينىدە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كۈچ بىرلىكتە، ھايات كۆرەشتە، بەخت ئىشلەشتە.

ئەخمەتجان قاسىمى

ئادالەت
ئەدەپ سانا
ئىرادە

بىلىك يافشى بولسا قۇتۇلدۇق سۆزلۈك،
قالۇر سەندىن كېيىن بىلىك ھەم سۆزلۈك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# 天尔塔格文学季刊（维文）

编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　　址：乌市新华南路16号
印　　刷：乌市第十四中学印刷厂
登 记 证：第412号　电话　78897
乌鲁木齐市邮局订阅发行
刊　　号：58—83　定价0.50元

# تەڭرىتاغ - پەسىللىك - ئەدەبىي - ژۇرنىلى

تەڭرىتاغ تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدى.
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16- نومۇر
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14- ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ژۇرنال نومۇرى 412　تېلېفون نومۇرى 78897
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ، تارقىتىدۇ.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى 58-83، باھاسى 0.50 يۈەن